رباعيات حكيم عمر خيام

# ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

هر سبزه که بر کنار جوئی رسته است
گوئی ز لب فرشته خوئی رسته است
پا بر سر سبزه تا بخواری ننهی
کان سبزه ز خاک لاله روئی رسته است

# تەرجىماندىن

ئالىم، مۇتەپەككۇر، مەشھۇر داھىي شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە يەتكۈچە تويۇنغان گۈزەل شېئىرىيەت ئالەمنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇش تەڭداشسىز شان - شەرەپ ۋە تەڭداشسىز مەنىۋى ھۇزۇر - ھالاۋەت. شەرقنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئالاھىدە گۈزەللىككە ئىگە رۇبائىي شەكلى شېئىرنىڭ يارالمىشىدىنلا قىسقا، چوڭقۇر، ئوبرازلىق بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئۆمەر ھەييام خەزىنىسىدىكى جاۋاھىراتلارنى مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇغىنىمىزدىمۇ ئۇ بىزنى زامانىۋى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئۈزغۈن تەركىبلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، زامان ئادالەتسىزلىكلىرىگە بولغان نەپرەت چوڭقۇر پەلسەپە تۇرغۇسىدىن تەلقىن قىلىنغان رۇبائىيلىرىدا ئۆمەر ھەييام ھەددى - ھېسابسىز ئەبەدىي ھەقىقەتلەرنى ئاجايىپ چىرايلىق ۋە ئىجادىي ئوبرازلارنىڭ ياردىمىدە ئالدىمىزغا يېيىپ تاشلايدۇ. ئالەم يارانلىرى بولغان ئىنسانلارنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەمەلىي دۇنيانىڭ باغرىغا تۈگكەن مېغىزلىق ھېكمەتلەرنى ئاڭقىرىشقا ۋە شۇ ھېكمەتلەر بويىچە ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ.



图书在版编目(CIP)数据

欧买尔·海亚木鲁拜集/(伊朗)海亚木著；吾斯曼江·萨吾提译.
— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.3 （2010.4 重印）

ISBN 978-7-228-07875-2

Ⅰ.欧… Ⅱ.①海… ②吾… Ⅲ.诗集 — 作品集 — 伊朗
— 中世纪 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I373.23

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第009385号

责任编辑　穆纳尔江·托合塔洪
编　　辑　热合曼·马木提
责任校对　阿依古丽·沙比提
校　　对　万力·在顿
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　乌鲁木齐昊坤印务有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米　1/32
印　　张　4.875
版　　次　2003年3月第1版
印　　次　2010年4月第4次印刷
印　　数　10001-13000
定　　价　10.00 元

رۇبائىيلار ئەكس ئەتتۈرگەن پەلسەپە تۈگۈنلىرى
ھازىرغىچە يېتەرلىك دەرىجىدە شەرھلىنىپ كەلدى.
ئەمدىكى ۋەزىپە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىكى شې-
ئىرىي ئوبراز ۋە شېئىرىي ئىماگلارنىڭ رەڭگارەڭ ۋە
ھاياتىيلىقى، ھەر بىر رۇبائىيدىكى بەدىئىي تۈس، ئى-
پادىلەش ماھىرلىقى، ئوبراز، تەمسىل، ئىماگلارنىڭ
تەشكىل قىلىنىشى، ئالايلۇق، رۇبائىيلاردىكى كۆپرەك
قوللىنىلغان «مەي»، «مەيخانا»، «تەقدىرىي ئەزەل»،
«خۇدا»، «مەسچىت»، «چىركاۋ»، «بۇتخانا»، «مەيپۇ-
رۇش» قاتارلىق ئۆز دەۋرى بويىچە ياساق قىلىنغان
ئۇقۇملار بارلىققا كەلتۈرگەن ئىماگلار مۇتەپەككۇر
شائىرنىڭ توپ ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە قالتىس
مۇكەممەل رول ئوينىغان. بىزنىڭ بۇ رۇبائىيلارنى
قايتا - قايتا ئوقۇپمۇ زېرىكمەيدىغانلىقىمىزنىڭ، ئۇ-
نىڭدىكى شېئىرىي پىكىرلەرنىڭ داۋاملىق يېڭى تۇيۇ-
لىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى نەق مۇشۇ يەردە.

مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەر ئالدى بىلەن يېڭى، ئى-
جادىي، ساپالىق، زامانىۋى بولۇشى كېرەك. ئەسەردىكى
ئىدىيىۋى مەزمۇننى بىر چەتكە قايرىپ قويغاندا ئۇ-
نىڭدىكى تىل، ئوبراز، تەمسىل، ئوخشىتىش، ئىماگ
قاتارلىق سەنئەت بىناسىنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىللار
جەزمەن تاكامۇللىشىپ ۋايىغا يەتكەن بولۇشى كېرەك.
شائىرلىق ھۈنىرى قانداقتۇر بىر تىلسىم، سىرلىق،
تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. مەلۇم مە-



نىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ھۈنەر. ئۇ
شائىرنىڭ ئالەم بولمىشىدىن ئۆز تۇيغۇ ۋە سەزگۈسى
ئارقىلىق چەككىلەپ ئالغان قاراشلىرىنى شېئىرىي
جىسمانىيەتكە ئايلاندۇرغۇچى ئۇسۇلدىن ئىبارەت. ئۆ-
مەر ھەييامدىكى بۇنداق ئۇسۇل تولىمۇ كامالەتلىك، تو-
لىمۇ پىشقان. ئۇ ئۆز شېئىرىيىتىدە، خۇددى تەقۋا
دىندارلار تاھارەتسىز يەر دەسسىمىگەندەك، ئوبرازسىز
ئوخشىتىشسىز ئىش كۆرمەيدۇ. شۇڭا، ھەر بىر تۆتلۈك
مۇستەقىل بىر شېئىرىيەت مەملىكىتىنى نامايان قى-
لىپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئۆمەر ھەييام رۇبا-
ئىيلىرى بىزنى مەڭگۈ يېڭىلىق ۋە مەڭگۈ ئىجادىيلىق
ئۈلگىسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

بۇ رۇبائىيلار «ھەسەن - ھۈسەن» نەشرىياتى تاش-
كەنت بۆلۈمى تەرىپىدىن 1985 - يىلى تاشكەنتتە
نەشر قىلىنغان ھازىرغىچە ئەڭ نادىر، ئەڭ مۇكەممەل،
ئەڭ مۆتىۋەر دەپ قارالغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قى-
لىندى. تەرجىمە جەريانىدا پارس، رۇس تىلىدىكى تەر-
جىمىلەردىن پايدىلىنىلدى. تەرجىمىنى مۇكەممەل،
نۇقسانسىز دېيىشتىن يىراقمەن.

كەلگۈسىدىكى ئاكادېمىك نۇسخىلارغا تۇتۇرۇق
بولار دېگەن تەمەدە بۇ زور ئىشقا تەۋەككۇل قىلدىم.

2003 - يىل، 10 - يانۋار
ئۈرۈمچى

www.uygurkitap.com

## 1

ئاشىق بولساڭ بولغىن شەيدايۇ مەستان،
دىۋانە، بىنەۋا، رەسۋايۇ جاھان.
ھوشيار بولساڭ تەشۋىش بولۇر ھەنىنىۋا نەرسە،
مەست بولغاچ ئوشۇقتا كەلمەيدۇ توپان.

## 2

تاڭنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماس كىشى،
نە كېرەك سەۋدالىق دىلنىڭ تەشۋىشى.
ئايدىڭدا مەي ئىچكىن، ئەي ئاي يىزدىن سوڭ،
ئاي بىزنى تاپالماس، ئىزدەپ ياز ـ قىشى.

## 3

كىشىنى رەنجىتمە، رەنجىتمە ھەيھات،
قەھرىڭنى بىراۋغا چاچمىغىن، ئەي زات.
ھېچكىمنى رەنجىتمە، ئۆزۈڭ رەنجىگىن،
گەر دېسەڭ راھەتنى ئۆزۈڭ غەمگە پات.

## 4

ھەر نېمە بولسىمۇ يۈزلىرىڭ گۈزەل،
قامىتىم سەرۋىدەك تىك ۋە مۇكەممەل.
چۈشەنمەي ئادامەن نېچۈن بۇنچىلىك
ئۆز ھۆسن بەردىكىن نەققاشى ئەزەل.

## 5

مەن ئۆلسەم مەي بىلەن يۇيۇشنى كۆزلەڭ،
يوقلاشتا جام بىلەن شارابتىن سۆزلەڭ.
قىيامەت كۈندە تاپماق بولسىڭىز،
مەيخانا تۇپرىقى تۈۋىدىن ئىزلەڭ.

## 6

مەستكە تەنە قىلما، ئىچمىسەڭ ساغەر[1]،
غەيۋەت ـ شىكايەت قىلما، بولما مۇغەمبەر.
غادايىما ھېچقاچان مەي ئىچمەيمەن دەپ،
سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ مەيدىنمۇ بەتتەر.

---

[1] شاراب.

# 7

دۇنيادا ئۇلۇغ سۆز ــ قۇرئان ئوقۇلۇر،
ئۇمۇ ئۇدا ئەمەس، گاھ ئان ئوقۇلۇر.
پىيالە قىرىدا بىر ئايەت باركى،
ھەر جايدا، ھەممىشە، ھامان ئوقۇلۇر.

# 8

تۇر گۈزەل، ئىچىلسۇن دىلىمىز بەھرى،
يۈزۈڭدىن ھەل بولغاي مۇشكۇلات قەھرى.
توپىمىز كوزىغا ئايلانماي تۇرۇپ،
بىر كوزا ئىچەيلى، كەتسۇن دىل زەھرى.

# 9

سەھەردە ئۇن بەردى بىزنىڭ مەيخانا،
ئەي، ئەھلى مەيخانا ئۇلپەت ـ دىۋانە.
تۇرغىن، پەيماننى تولدۇر شارابقا،
تېخى تولماي تۇرۇپ بىزنىڭ پەيمانە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 10

ئۆردەك بېلىققا دەر: «ئېقىپ كەتكەن ئاب،
يېنىپ، ئېرىق يەنە بۇلارمۇ سۇ بىلەن سىيراپ.
ئۇ دەيدۇ: «مەنۇ سەن بولارمىز كاۋاپ،
سوڭ نە پايدا؟ دۇنيا دەريامۇ سەراب؟ !»

## 11

مەيخانىدا مەن ۋە مەي، مەشۇق بولدۇق تەل،
ئۇستۋاش، جانۇدىل شارابقا بەدەل.
رەھىم ئۇمىدى، ئازاب ۋەھىمى بىر تىيىن ئېرۇر،
بىزگە دەخلىسىزدۇر تۇپراق، سۇ، مەشئەل.

## 12

شۇنداق ئىچەيكى، ئۆلسەم شۇ شاراب،
ھىدى چىقمىسۇن ۋە كەتسۇن ئەتراپقا تاراپ.
خۇمارلار ئۆتكەندە قەبرەم يېنىدىن،
پۇرىقى ئۇلارنى ئەيلىسۇن خاراب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 13

بەش كۈنلۈك ھاياتتا ئىچكىن مەيى ناب،
بەش كۈنلۈك ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزگىن ياراپ.
جاھاننىڭ ئىشى شۇ خاراب قىلماقلىق،
سەنمۇ بول كۈندۈز ـ تۈن غەرق مەست خاراب.

## 14

مۇھتاجلىق كويىدا كۆڭۈلنى ئوۋلا،
يۈرەككە يېقىنمۇ ھەمسالنى ئوۋلا.
بىر دىلچە كەلمەيدۇ يۈز لايدان كەئبە،
كەئبىدە نېمە بار، بىر دىلنى ئوۋلا.

## 15

ئەي دىلىم، زاماندىن ئېھسان كۈتمىگىن،
ئايلىنار، توختىماس دەۋران كۈتمىگىن.
داۋا دەپ دەرد ئاشار ھەر بىر كۈنسېرى،
دەردكە كۆنۈككەيسەن، دەرمان كۈتمىگىن.

## 16

ھېكمەت چېدىرىنى تىكتىلەر ھەييام،
تەشۋىش ئاتەشىدە ياندى ئۇ ناكام[1].
ئۆمۈرنىڭ يىپىنى كەستى ئەجەل قايچىسى،
تۆھپىسىگە ئاخىرى شۇ ئىدى ئىنئام.

## 17

گۈل باغرىنى ئىزغىرىن تىلدى، تۆكۈلدى،
ساباغا ھېكايە قىلدى، تۆكۈلدى.
پەلەكنىڭ ئىشىن كۆر، بىر ھەپتىدە گۈل
ئۈندى، غۇنچىلىدى، كۈلدى، تۆكۈلدى.

## 18

مەينى قوي ئالىقانغا، دىلىم پۇر ئاپتاپ،
ھاياتنىڭ تايانچى مىسالى سىماب.
بىلىپ قويكى، ياشلىقنىڭ ئۆتلىرى سۇدا،
ھوشنى يىغ ! بىدارلىق ئەسلىي ئۇيقۇ ـ خاب.

---

[1] بەختسىز، بىچارە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 19

مەن مەينى قۇۋانماق ئۈچۈن ئىچمەيمەن،
شادلىقچۈن ئەدەپ ۋە دىندىن كەچمەيمەن.
مەقسىتىم ئۆزلۈكتىن كېچىپ بىر نەپەس،
ئارام ئالسام، بىخۇش بولۇپ جانۇتەن.

## 20

مەن ئاسىي بەندەڭمەن رىزايىڭ قېنى؟
دىلىم قاپقاراڭغۇ زىيايىڭ قېنى؟
ئىتائىتىم ئۈچۈن جەننەتنى بەرسەڭ،
بۇ مېنىڭ ھەققىمغۇ، ئاتايىڭ قېنى؟

## 21

بايلىقتىن كۆپەيمەس ئەقىل يا ھۈنەر،
ئەمما پۇل بولمىسا خۇن بولۇر جىگەر.
ئاقچىدار ئەتىرگۈل ياشنار قۇياشتا،
بىنەپشە سايىدا بېشىنى ئېگەر.

## 22

سەن، مەندىن ئىلگىرى كۈن ـ تۈن بار ئىدى،
ئايلانغان پەلەكمۇ پۈتۈن بار ئىدى.
تۇپراقتا ئاۋايلاپ قەدىمىڭنى قوي،
بۇ تۇپراق قارا كۆز بىر نىگار ئىدى.

## 23

تەبىئەت تەرتىپىن يارىتىپ ئاللا،
نېمىچۈن چۇل ـ چۇل قىپ ئاتىدۇ، ۋاھ، ۋاھ.
ياخشى بولسا نېمىچۈن پارچىلار ئۇنى،
يامان بولغىنىدا ئېيت، كىمدىندۇر گۇناھ؟

## 24

ئەزەلدىن لېيىمنى ئەتكەندە خۇدا،
بىلەتتى پەيلىمدىن نە بولۇر پەيدا.
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس گۇناھىم،
خۇش، نېچۈن مەھشەردە بېرىدۇ جازا؟

www.uyghurkitap.com

## 25

ئۆمرۈم قىيناقتىدۇر، دەردكە نائىلاج،
راھەت قىسقا، زەخمەت تاپماقتا راۋاج.
خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈركى، بالا
ۋە كۈلپەتكە مېنى قىلمىدى موھتاج.

## 26

بىزگە گۈل تەگمىسە، تىكەن — خار ھەم بەس،
نۇر تەگمىسە، ئاتەش، گۈلخان — نار ھەم بەس.
جاندا تۇن، خانىقا يا شەيخ بولمىسا،
قوڭغۇراقۇ چېركاۋ ۋە زۇننار ھەم بەس.

## 27

تائەتمۇ يا كۈپۈر سۆزى — بىر نەپەس،
شەك ـ شۈبھە، ھەقىقەت كۆزى — بىر نەپەس.
شۇدەمنى شادلىقسىز ئۆتكۈزمەك بىكار،
ئۆمرىمىز ئەسلىدە ئۆزى بىر نەپەس.

## 28

گۈل ئۈزرە كۆكلەمنىڭ شەبنەمى ياخشى،
چىمەندە يۈز ئاچقان ھەمدەمى ياخشى.
ياخشىمەس ئۆتكەنكى كۈندىن سۆز ئاچماق،
قۇۋناپ قال، بۇ كۈننىڭ ھەر دەمى ياخشى.

## 29

ئالەمنىڭ سەر دەپتىرى سۆيگۈ ئىملاسى،
ياشلىق قەسىدىسىنىڭ جىلۋە زىياسى.
ئەي ئىشق ئالەمىدىن خەۋەرسىز، بىلگىن،
ئىشق ئەمەسمۇ ئەسلىي ھايات مەناسى.

## 30

جاھان سىرى بولغاي دىل دەپتىرىدە،
ئاچساڭ باشقا بالا ئەل نەزىرىدە.
دىلدىكى ھەر سۆزنى ئېيتقىلى بولماس،
سەن بۇ نادانلاردىن قاچقىن ئەسلىدە.

## 31

بۇ بەك كونا ئۆتەڭ، ئالەم ئاڭا نام،
كۈن - تۈن تۇلپارىغا بار بۇندا ئارام.
بۇ كونا بەزمە يۈزلەپ جەمشىدتىن قالدى،
بۇ گۆردە ياتىدۇ يۈز - يۈزلەپ بەھرام.

## 32

ئالەم دېگەن جاپادۇر، كۈنلىرىمىز غەم،
پەلەك دېگەن ئاپەتتۇر، كۈنلىرى سىتەم.
نەزەر سالدۇق ھەر تۇشقا كۆپ كەزدۇق ئالەم،
بىرەر كىمسە ئۇچرىمايدۇ كۆڭلى خاتىرجەم.

## 33

بىز كېلىپ كەتكۈچى، يۇمىلاق جاھان،
نە بېشى مەلۇمدۇر نە سوڭى ئايان.
ھېچكىممۇ راستىنى ئېيتىپ بىرەلمەس،
بىز نەدىن كەلدۇقۇ كېتىمىز قايان؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 34

بىزلەر ئىچمىزكى، مەيخانا ئاۋات،
بىزلەر كېلىپ مەينى قىلىمىز بەربات.
بىز گۇناھ قىلمىساق رەھمەت قاياقتا،
رەھمىتى بولمىسا قالماس ئېتىقاد.

## 35

شورلۇق ئۆمرىمىزگە چەرخ سىرتماق ــ كەمەر،
جەيھون كۆزىمىز يېشىدىن ئەسەر.
بىھۇدە رەنجىشتۇر دوزاخ ئۇچقۇنى،
جەننەت ــ ئۆمرىمىزدە بىردەم تىنچ تۇرسا گەر.

## 36

مەنزىلىمىز ئىكەن بىۋاپا ئالەم،
تىنماستىن ئىزدىدىم يېچىرىم ئادەم.
سېنىڭ يۈزلىرىڭدەك ئاينى كۆرمىدىم،
قەددىڭدەك سەرۋىنى تاپمىدىم، لالەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 37

ياق دىمەي قەدەھ تۇت، ئەي قارا كۆزۈم،
بۇ كىچە لىۋىڭنى شورايمەن ئۆزۈم.
يۈزدىكى ياناقتەك مەي قۇي قەدەھكە،
توۋامدا چىچىڭدەك چىگىش ھەر سۆزۈم.

## 38

گەر ۋاپا قىلسا بىۋاپا جىگەر ماڭا،
قىرىندىشىم جاپا قىلسا دىگەر ماڭا.
زەھەر دەردكە داۋا بولسا تەرياقتۇر ئۇ،
ناۋادا بال ياقمايدىكەن، زەھەر ماڭا.

## 39

بۇ كۆن مېنىڭ قۇۋناق ياشلىق دەۋرانىم،
ئىچىمەن، ئۇشتۇلار ئارزۇ ـ ئارمانىم.
يازغۇرما، ئاچچىق بولسىمۇ شاراب،
ئاچچىقتۇر، چۈنكى ئۇ ھاياتىم، جانىم.

## 40

مەي ئىچ مەڭگۈ ھايات، ھەيھات، مانا شۇ،
ياشلىقنىڭ دەۋرانى، ئەي زات، مانا شۇ.
گۇل پەسلىدە مەيۇ مەست ئۇلپەت بىلەن،
بىردەم شاد بول، ئەسلىي ھايات مانا شۇ.

## 41

مىسالى بىر ئالتۇن كوزا بۇ دۇنيا،
گاھىدا سۈيى بال، زەھەر گاھىدا.
شۇنچە ئۆمرۈم بار دەپ كېرىلمە ئەسلا،
ئېگەرلەكلىك ئەجەل ئېتى دائىما.

## 42

دەرلەركى شەئباندا مەي ئىچىپ بولماس،
رەجەپ خۇدا ئېيى ئىچمە بىر نەپەس.
شەئبان، رەجەپ خۇدا، پەيغەمبەر ئېيى،
رامىزان بىزنىڭكى شۇندا ئىچسەك بەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 43

ئېرىق بويىدىكى ھەر گىياھ، كوكات —
مەلەكتەك گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى خەت.
بۇ چىمەن، لالىدەك يۈزلەر توپرىقى،
چىمەنگە ئاۋايلاپ پۇت قوي بەغايەت.

## 44

ساقىي، گۈل ـ گىياھ مول ھازىر كۆپ قوۋناق،
بىلكى، بىر ھەپتىدە ئۇ بولۇر توپراق.
مەي ئىچ، گۈل تەر، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە،
گۈل يەرگە تۆكۈلۇر، قاغجىرار ئوتلاق.

## 45

بۇ كوزا مەن كەبى ئاشىق زار ئىدى،
سۆيگۈنى قارا چاچ بىر نىگار ئىدى.
كوزا بويىندىكى دەستە بىر مەھەل
قول ئىدى، يار قۇچۇپ بەختىيار ئىدى.

## 46

قەيەردە گۈلزار بار، شان لالىزاردۇر،
ئۇ يەردە شەھرىيار ـ شاھ قېنى باردۇر.
قەيەردە بىنەپشە ئۈنسە گەر يەردىن،
بىر ئۇزغا خال ئىدى، ئەمدى غۇباردۇر.

## 47

بۇ يەرنىڭ يۈزىدە ھەممە زەررە بار،
بىر مەھەل بولغانتى ئاي يۈزلۈك دىلدار.
ئاستا سۈرت گۈزەللەر يۈزىدىن چاڭنى،
گۈزەل چېھرە ئىدى بىر چاغ بۇ غۇبار.

## 48

ئۆز ئارزۇيۇڭ ـ لەن ياشايسەن بىردەم،
شاد ئۆتكۈز، قىلسىمۇ بىراۋلار ئەلەم.
جانانلار بىلەن بول، تېنىڭ نېگىزى ــ
شامالۇ، تۇپراقۇ، ئۇچقۇن بىلەن نەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 49

كەئبەيۇ، بۇتخانا قۇللۇق خانىسى،
بۇتخانا زىلىنىڭ شوم تەرانىسى.
مېھرابۇ چېركاۋ ھەم تەسۋى، كرېست ھەم
ھەممىسى قۇللۇقنىڭ بىر نىشانىسى.

## 50

تۇپراقنى دەسسەيدۇ نادان ئايىغى،
بىلمەسكى، بۇ يار يۈزىنىڭ تۇپرىقى.
ساراي كۇنگۇرىسىنى بېزىگەن ھەر خىش
سۇلتاننىڭ كاللىسى يا ۋەزىر بارمىقى.

## 51

ساقىي، ياندا بولسا ياقۇت لەۋ سەنەم،
قەدەھىڭدە بولسىمۇ خىزىر سۈيى ھەم.
زۆھرە نەۋاكەش، ئەيسا بولسىمۇ ھەمدەم،
شادلىق بولماس، بولماس ئەسلا خاتىرەڭمۇ جەم.

## 52

لالىنىڭ يۈزىنى يۇدى يېشىنلىق كۆكلەم،
لىپمۇلىپ قەدەھكە قول ئۇزات بەردەم.
بۈگۈن سەن سەير قىلغان ئۇشبۇ كوكاتلار،
ئەتە تۇپرىقىڭدىن ئۈنەر جۈغى ـ جەم.

## 53

بەختىڭدىن ئاۋاتلىق شېخى ئۈنسە ھەم،
ھاياتىڭ ئېگىنى بولسىمۇ شاد دەم.
تېنىڭ چېدىرىغا يۆلەنمە تولا،
تۆتىلا قوزۇقى بوشتۇر ئەي ئادەم.

## 54

ساقىي لەۋلىرىدىن رەڭ ئالۇر ياقۇت،
غېمى دىلغا قۇۋۋەت، جانغا بېرەر قۇت.
ئىشق توپانىدا كىم غەرق بولمىدى،
گويا نۇھ كېمىسى ئاڭا بىر تاۋۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 55

ئەي پەلەك، دائىما ھۇنىرىڭ بۇزماق،
قەدىمدىن ئادىتىڭ زۇلۇمدا ئوزماق.
يەر، ئەگەر باغرىڭنى يېرىپ كۆرسىدى،
چىقاتتى قانچىلىك ئۈنچە ـ يالتىراق.

## 56

ساقىي ۋە شارابىمىز بۇ جاھان ھەشدۇر،
ھەتتا ئىراق كۈيى غەزەلخان ھەشدۇر.
جاھاننىڭ ھالىغا سالدۇق كۆپ نەزەر،
ھاسىلى سەندۇرسەن يەر ـ ئاسمان ھەشدۇر.

## 57

كىم ئۇ، گۈزەللەرگە خەندان لەۋ بەرگەن،
دەردمەنلەرگە جىگەر خۇنىنى زەپ بەرگەن.
تەقدىرىمىز شادلىق بولمىسا نېمە غەم،
شاد بىز، چۈنكى غەمنى تۇمەنلەپ بەرگەن.

## 58

ئەزەلدىن يېزىلغانىكەن مېنىڭ پېشانەم،
نېچۈن بار ئۈنىڭدا جەننەت، جەھەننەم.
ئۇستاز دېدى ماڭا: تەقدىرى يازمىش،
جەننەت، دوزاخ بەرى سەندە جۇغى ـ جەم.

## 59

ئالىقاندا لەيلى مەي، يېنىدا سەنەم،
چىمەندە ئولتۇرسا، قوت بولۇپ ھەمدەم.
مەي ئىچىپ، پەلەكتىن يېمىسە ھېچ غەم،
جاھاننىڭ كەيپىنى سۇرگەي شۇ ئادەم.

## 60

بار نەرسىدىن قولىدا قالغىنى شامال،
بار نەرسە يوقىلۇر، بولۇر ئۇ پايمال.
بار نەرسىنى يوققا تاۋاپ قىل،
يوق نەرسىنى بار دەپ قىلغىن ئېھتىمال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 61

بولمىغاچ ھەقىقەت قولۇڭدا ئايان،
ئۆتمىسۇن بۇ ئۆمۈر كۆڭلىدە گۇمان.
ياخشىسى قەدەھنى قولدىن چۈشۈرمەي،
نە مەستۇ نە ھوشيار بولايلۇق شادىمان.

## 62

دىلىم بولغانىدى بىر جانانغا زار،
ئۇ ئۆزگە بىر يەردە غەمگە گىرىپتار.
مەن ئۇندىن ئۆزۈمگە دورا ئىزدىسەم
نە ئەيلەي، ئەمچىمنىڭ ئۆزىكەن بىمار.

## 63

ساقىي، مېنىڭ غېمىم پۈر ـ شايە بولدى،
مەستلىكىممۇ خوپ ـ زىيادە بولدى.
ياشىنىپمۇ شادمەن، چۈنكى چېچىڭدىن
ئاق بېشىم باھارۇ دىل تازا بولدى.

## 64

لالىدەك قەدەھ تۇت نورۇز ئەييامى،
لالەيۈز يار بىلەن خۇشتۇر دىل كانى.
شادىمان مەي ئىچكىن، فىرۇزە پەلەك،
تۇپراق قىلۇر، ئاخىرى، ئۇشبۇ دۇنيانى.

## 65

بۇ كۈن بەختىڭ بىغى گۈلگە تولۇپتۇ،
قولۇڭ نىچۈن مەيسىز، كۆڭلۈڭنى تىندۇر.
مەي ئىچكىن، زامانە ئالدامچى بىر ياۋ،
بۇنداق كۈننى تاپماق قىيىندۇر.

## 66

ساقىي كۆڭلۈم خاراب ئۆلۈك جاندىن ھەم،
ئۆلۈك يەر ئاستىدا ياتار خاتىرجەم.
قان - يىشىم ئىتەكنى شۇنداق بوياركى،
ئىستىكىم كۆزۈمدىن مەينەترەك ۋە نەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 67

كىشى ئۆزلۈكىدىن ياخشى، يامان ھەم
بالا ـ قازايۇ قۇۋانچ ياكى غەم.
پەلەككە دۆڭگىمە بۇنى دەر ئەقىل،
پەلەك سەندىن ئاجىزراق، ھەقىر، كالتە پەم.

## 68

ھاياتقا ئۆزگىچە رەڭ بېرەر شاراب،
كەلتۈر، قەدەھكە قۇي، بولسىمۇ ئازاب.
قولغا بەر، ئالەمنىڭ ئىشلىرى خۇناپ[1]،
ھەر تىنىق ئۆتىدۇ تېز تۇتقىن جاناب.

## 69

ھەقىقەت كۆچىتىن ئۆستۈرمەس گەردۇن[2]
خاھى بىپەرۋا بولغىن، خاھى كۆپ كۆيۈن.
پەلەكنىڭ دەۋرىسى ئۆزگەرمەس جىندەك،
بۇگۈننى كېچە بىل، ئەتىنى بۇگۈن.

---

① قان ياش، ئاچچىق يىغا.
② دۇنيا.

## 70

ھوشيار بول، ياغدۇرار بالا بۇ جاھان،
خاتىرجەم ئولتۇرما، نەشتەر بۇ دەۋران.
ئاغزىڭغا شېرىنلىك سالغىنىدىمۇ،
سەن ھەرگىز يۇتمىغىن، ئوغىسى پىنھان.

## 71

«ئىلاھىيەت ئىلمىن ئۆگەت» دېدى دىل،
ئەگەر ئۆزۈڭ بىلسەڭ ماڭا بايان قىل.
«ئېلىف» دېگەنىدىم «بەس» دېدى ماڭا،
«بىر ھەرپمۇ يېتىدۇ» كىم بولسا ئاقىل.

## 72

دىل ئۇنىڭ دەردىگە تولسا ياخشىدۇر،
باش ـ يولۇڭ تۇپرىقى بولسا ياخشىدۇر.
غەم تىغىن دوست ئاتسا، ئۇندىن رەنجىمە،
ھەر نەرسە دوستۇڭدىن كەلسە ياخشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 73

سۆيگۈ ئۇ، مەڭگۈلۈك ئەۋجىدە ئاپتاپ،
ھاياتنىڭ بېغىدا تەلەيدىن خىتاب.
بۇلبۇلدەك زارلىنىش ئەمەستۇر سۆيگۈ،
سۆيگۈ زارلىماسلىق بولسىمۇ خاراب.

## 74

مەيخانا ئەھلىدۇر ئىنسانى ئىنسان،
ئۇلاردىن بىراۋغا يەتمەيدۇ زىيان.
مەدرىستىن چىقىدۇ ھەممە يامانلىق،
قولۇمدىن كەلسىدى قىلاتتىم ۋەيران.

## 75

يا رەب ! سەن كەرىمسەن، كەرىمى كېرەم،
نېچۈن ئاسىيلارغا يېپىق باغ ئېرەم.
چوقۇنسام، كەچۈرسەڭ — بۇ كېرەم ئەمەس،
گۇناھىم كەچۈرسەڭ — كەرەمدۇر، كېرەم.

## 76

مەستلەر دوزىخىيدۇر دېسىمۇ بەزەن،
بۇ قايچى سۆزلەرگە توۋلىماڭ ئەزەن.
ئاشىقلار ۋە مەستلەر دوزاخقا چۈشسە،
جەننەت چۆلدەك تاقىر قالىدۇ جەزمەن.

## 77

يۈرىكىم قېنىدىن يۈز خانا ۋەيران،
ھۆڭگىرەپ يىغلىسام قورقۇش يۈز چەندان.
ھەر بىر تال كىرپىكتە قان دەرياسى بار،
كىرپىكىم يۇمۇلسا باشلىنۇر توپان.

## 78

مەي بالقىغان ياقۇت، كوزىچۇ، قاندۇر،
قەدەھىي بەدەنۇ، شارىبى جاندۇر.
بىللۇرى بۇ قەدەھ مەيدىن خەنداندۇر،
كۆز ياشتۇر، دىل قېنى ئۇندا پىنھاندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 79

ھوشيار بولسام مېنىڭدىن خۇرسەنلىك يىراق،
مەست بولسام ئەقلىمدىن ئاجرايمەن، بىراق
ھوشيارلىق مەستلىكتە بىر ئارىلىق بار،
ھايات شۇ، ئاڭا قۇل بولسام ياخشىراق.

## 80

مەي ئىچىپ يايرىماق ئادىتىم مېنىڭ،
كۆپۈرلۈق قىلماسلىق ساپ دىنىم مېنىڭ.
تويلىغىن سورىدىم دۇنيا قىزىدىن،
دېدى ئۇ: «شادلىقىڭ تويلۇقۇم مېنىڭ.»

## 81

شاراب ئىچكىن، مۈلكىي مەھمۇد مانا شۇ،
چاڭ ئاڭلىغىن، بەزمىي داۋۇت مانا شۇ.
كېلىپ ـ كېتىشىڭدىن سۆزلىمە ئەمدى،
شاد ئۆتكۈز ئۆمرۈڭنى مەقسەت مانا شۇ.

## 82

ساقىي، يۈزۈڭ جەمشىت جامىدىن ياخشى،
يولۇڭدا ئۆلسەم ئۆمرى باقىيدىن ياخشى.
قەدىمىڭ چېڭىدىن كۆزلىرىم روشەن،
ھەر زەررىسى مىڭ قۇياش تاقىدىن ياخشى.

## 83

بۇ زامان دوستىنى كۆپ تۇتمىغان ماقۇل،
زامانە ئەھلىدىن يىراقراق بولغۇل.
كۆزۈڭگە ھىمات بوپ كۆرۈنگەن كىشى،
كۆزۈڭ ئاچ ! دۈشمەن بوپ چىقىدۇ نوقۇل.

## 84

پىيالە چۈشسە گەر مەستىنىڭ قولىغا،
سۇندۇرۇپ قويۇشنى ئۇ كۆرمەس راۋا.
شۇنچە نازىنىنلار قول، باش چانىقىنى
كىم سۇندۇرىدۇ؟ كىم بەرگەندۇ ئارا؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 85

بىر يۇتۇم مەي مۈلكىي قاۋۇستىن ياخشى،
قۇباد پايتەختى — ئۇ تۇستىن ياخشى.
ئاشىقلار تاڭ پەيتى ھەربىر چەككەن ئاھ،
زاھىدتىكى ساختا تاۋۇشتىن ياخشى.

## 86

مال ـ دۇنيا ھەسرىتى قىلمىسۇن داغدار،
مەڭگۈ ياشايدىغان كىشى قېنى نەدە بار؟
بىر نەچچە تىنىقلىك تەندە ئامانەت،
ئامانەتكە ئامانەت بولماقلىق دەركار.

## 87

ھەييام، گۇناھىم، دەپ ماتەم نېچۈن؟ خۇش؟
پايدىسىز، كۆپمۇ ئاز بۇ غەم نېچۈن؟ خۇش؟
گۇناھتىن كېچىشكە كېرىمى بارغۇ،
ھېچ گۇناھ بولمىسا، كەرەم نېچۈن، خۇش؟

## 88

مايسىغا ياش تۆكتى بۇلۇت ئەنە باق،
بەك ئەيىب قىرمىزى مەيسىز ياشىماق.
بىزلەرگە سەيلىگاھ بىزگە بۇ ئوتلاق،
كىمگە سەيلىگاھ بولۇر بىزلەرنىڭ تۇپراق.

## 89

خۇش چاغلار بۇ زاماندا ئەركىن ياشىدى،
خۇدا بەرگەنلەرنى قويماي قاسىدى.
كىم غەنىيمەت بىلدى بىردەم ئۆمۈرنى،
قولدا مەي، ئازادە، دىلشات ياشىدى.

## 90

بۇ كوزىدىن سۇ ئىچەركى مەدىكار،
بۇ يەردە شاھ كۆزى، سەردار دىلى بار.
مەست يۇزى، مەستانە لەيلىنىڭ لىۋىدىن
تامچىغان شۇ مەينى خوپ شورار خۇمار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى تارقىتىش
www.uyghurkitap.com

## 91

شادلىق ئىزدىمە، ئۆمرۈڭ بىر دەمدۇر،
تۇپراقتا ھەر زەررە كەيقۇبات، جەمدۇر.
جاھانۇ بارلىقنىڭ ئىشى براقلا —
ئۇيقۇدۇر، خىيالدۇر، خىيالدۇر، غەمدۇر.

## 92

ئۆز ئەركىڭدە ئەمەس، ئاخىر ئەتە كۈن،
ئەتەڭنى كۆپ ئويلاپ بولما جىگەر خۇن.
بۇ دەمنى بىكارغا ئۆتكۈزمە ئەسلا،
بىلىپ قوي، دۇنياغا بولمايسەن تۇگۈن.

## 93

سىنىڭ دەلىلىڭگە يەتمەيدۇ ئەقلىم،
نامىڭنى تەكرارلاپ توختىماس تىلىم.
زاتىڭنى قانداقمۇ ئىلغا قىلايمەن،
ئۇيت ئۇنى بىلىدۇ سەندىن باشقا كىم؟

## 94

سىرلار پەردىسىگە يول يوق ھېچقانداق،
ھېچكىم تاپقان ئەمەس — بۇ چىگەل جومباق.
بىزلەرگە بىردىنبىر ئاشيانىدۇر تۇپراق،
مەي ئىچ، بۇ چۆچەكلەر ئۇزۇندىن - ئۇزاق.

## 95

ئىشقىڭدىن يوق ماڭا ئارۇ مالامەت،
ئىشقنى بىلمەسكە قىلما ئىشارەت.
مەردلەرگە مەلھەمدۇر ئىشق شارابى،
نامەردلەر ئۇنىڭدىن ئالالماس راھەت.

## 96

مۇھەببەت ئوتىدا يانمىسا بىر دىل،
ھالىغا ۋاي دېگىن، بىمار — مۇپاسىل.
مۇھەببەتسىز ئۆتكەن ھەربىر كۈنۈڭ بىل،
ئۆمرۈڭدىن بىھۇدە كەتمىش بى ھاسىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 97

ناكەسكە سىر ئېيتما، تىلىڭنى باغلا،
ئەبلەختىن يوشۇرۇن بولماقنى چاغلا.
كىملىكىڭ بىلىشچۇن ئىنسانلارغا باق،
كۆزلىرىڭ كۆرگەندىن قەدرىڭ سوراقلا.

## 98

كىمدىكى ئەقىلدىن بىرەر تىلىم بار،
ئۆمرىنىڭ بىر دېمىن ئۆتكۈزمەس بىكار.
يا خۇدا رەھمىنى ئىزدەپ ئۆتىدۇ،
يا كۆزلەپ ھۇزۇرنى مەي ئىچەر بىسيار.

## 99

ئۇرۇندۇم قۇياي دەپ سۇ ئۆزرە خىشنى،
بۇتخانا خالىماس بۇنداق خاھىشنى.
ئەي ھەييام، كىم ئېيتار دوزىخيسەن دەپ،
كىم بېرىپ كۆرۈپتۇ دوزاخ ـ بېھىشنى.

## 100

بىر ـ ئىككى كۆنلۈك ئۆمۈر ئۆتىدۇ دەرھال،
دەريادا سۇ مىسال يا چۆلدە شامال.
كەتكەن ۋە كەلمىگەن ھەر ئىككى كۈننىڭ
غېمىنى يېگۈزۈپ، كۆپ قىلما مالال.

## 101

تاغ ۋە قىر ئايلاندۇق، كۆپ كەزدۇق ئالەم،
ئىشىمىز ئەپلىشىپ، تۈزەلمىدى ھەم.
قۇلايسىز زاماندا ئۆتكەن ئۆمرىمىز
ياخشى ئۆتمىسىمۇ ئۆتتى كەكرى تەم.

## 102

بىلمىدىم، ئېتىلگەن چېغىدا لايىم،
جەننەت يا دوزاختىن ئاتالغان جايىم.
ماڭا نەق بولسا بەس يار، چالغۇ، شاراب،
نېسى جەننەت ساڭا بولسۇن ھەر دائىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 103

باھار ئەييامىدا گۈزەل پەرىزات،
بىر كاسە مەي بېرىپ، دىلنى قىلسا شاد.
كىشىلەر نەزىرىدە خۇنۇك بولسىمۇ،
ئىت بولاي، جەننەتنى بىر بار قىلسام ياد.

## 104

بەختىم يوق، گۇناھتىن ھېچ قۇتۇلمىدىم،
ئەمما ئۇتپەرەستەك ئۈمىدسىز بولمىدىم.
تاڭ پەيتى ئويغانسام باش ئاغرىقىدىن،
مەي بىلەن مەشۇق كېرەك، جەننەت دېمىدىم.

## 105

ھەقىقەت كۆزىدە ئۈز، بەد سۈرەت بىر،
ئاشىق مەنزىلىدە، دوزاخ ـ جەننەت بىر.
غەمكىنلەر ئېگىنى ئەتلەسمۇ، پالاس،
ئاشىقلار ياستۇقى پەر، خىش، كوكات بىر.

## 106

گۈل پەسلى، سۇ بويى كۆكلەمدە ئەگەر،
بولسا ئۈچ ـ تۆت ئۇلپەت ئاي يۈزلۈك دىلبەر.
قەدەھنى سۈمۈرگىن، تاڭدا ئىچكەنلەر
مەسچىت ۋە چېركاۋدىن ئازاد كىشىلەر.

## 107

بىر دانا چۆرگىلىنتەلمەس پەلەكنى پىر ـ پىر،
سانىنى سەككىز دەر، يەتتە بەرىبىر.
ئۆلگەچكە قالمايدۇ ئاززۇڭ، تېنىڭنى
گۆردە قۇرت يەر، يا قىردا قاشقىر.

## 108

قاچانغىچە بۇتخانايۇ، مەسچىتتىن دەيسەن؟
قاچانغىچە جەھەننەمۇ بېھىشتىن دەيسەن؟
تەقدىر لەۋھەسىنى كۆر، قەلەم چەككۈچى
ھەنىۋا بولمىشنى شۇنىڭغا چەككەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 109

بىزگە مەي ۋە مەشۇق، سىزگە ئالەمدۇر تەشۋىش،
سىز جەننەت ئەھلى يۇ، بىزگە دوزاخىمىش.
ئەزەلى گۇناھىمىز نىمە، ئېيتىڭچۇ؟
تەقدىر لەۋھەسىدە شۇنداق يېزىلمىش.

## 110

مەسچىتۇ، بۇتخانا، كەئبىدە ياھۇ،
جەننەتتىن ئۈمىدۇ، دوزاختىن دادۇ.
پەقەت دۇنيا سىرىن بىلدۇرگەن دىلدىن
ئەبەدىي قوغلىنار بۇ تەشۋىش، قايغۇ.

## 111

دەرلەر: جەننەتتە ھۆرلەرنىڭ بولغىنى ياخشى،
ماڭا ئۆزۈم سۈيىنىڭ بۇلىقى ياخشى.
چۈنكى، نېسىدىن نەقراقى ياخشى،
ناغرا ئاۋازىنىڭ ئۇزاقى ياخشى.

## 112

ئەي روھ ئەلەمدىن كەلگەن مۆڭ زاتى،
تۆت، بەش، ئالتە، يەتتە دەپ ھەيران پەريادى.
مەي ئىچ، بىلەلمەيسەن قاياقتىن كەلدىڭ،
شاد بول، بىلەلمەيسەن يول نەدە زادى؟

## 113

مەست بۇلبۇل يول ئالدى گۈلىستان تامان،
ئۇندىن تاپتى شاراب ھەم گۈلى خەندان.
يۈرەك تىلى بىلەن شىۋىرلاپ ئېيتتى:
«بوش قويما ! ئۆتكەن كۈن قايتماس ھېچقاچان.»

## 114

قارا تۈن باغرىنى تىلدى ئاي نۇرى،
بۇياقتا ئۆزگىدۇر مەينىڭ ھۇزۇرى.
مەي ئىچىپ خىيال قىل، بىزدىن كېيىنمۇ،
نۇر چېچىۋېرەر ئاسمان سۇقسۇرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 115

ھايات بويسۇنمىغاچ بىزنىڭ تىلەككە،
خىيال ۋە غەيرىتىڭ چىقار پۇچەككە.
ئەتە ـ كەچ چېكىمىز ھەسرەتنى تازا،
كەچ كەلدۇق، تېز يەتتى ۋاقىت كەتمەككە.

## 116

ساقىي، دىلىم تولۇپ تاشماقچى بولسا،
ئۇ دېڭىز، تاشمايدۇ قانچىلىك تولسا.
سوپى دىلى لىپمۇلىپ جەھىلگە تولا،
بېشىغا چىقىدۇ مەي يۇتۇپ قالسا.

## 117

بۇ سارايدا جەمشىد ئىچەر ئىدى جام،
ئەمدى كېيىك، تۈلكە ئالىدۇ ئارام.
بىر ئۆمۈر قۇلاننى ئوۋلار ئىدى ئۇ،
ئۆلۈمگە قۇلاندەك ئوۋلاندى بەھرام.

## 118

دەلىل تاپتىم ئەقلىم قايىنىغان ئاندا،
رومدىمو، ئەرەبتە ھەممە تاماندا.
مەي هارام دېيىشسە ئىشەنمەيمەن ھېچ،
«مەيسارا ...» دېگەنغو خودا قورئاندا.

## 119

سېنى يېتەكلىسە هاۋامو هاۋا،
«مەندىن خەۋەر ئال» دەر دىلى بىنەۋا.
نەزەر سال، ئۆزۈڭ كىم ۋە نەدىن كەلدىڭ؟
بىل، نەگە كېتەرسەن، باشتا نە بالا؟

## 120

بىر كونى چوشومدە قېرى بىلىمدان
دېدى: ئويقو بىلەن بەخت كولمەس، ئەي نادان.
ئەتىلا ئەجەلگە قوشاقلىنىمىز،
ئىچىپ قال، توپراقتا ئوخلايسەن ئوبدان.

www.uyghurkitap.com

## 121

يوقلۇقتىن كەلگەندۇر بۇ قامىتىم تال،
مەڭگۈلۈك ئالالماس ھېچكىم بىمالال.
ھەركىم ھەر خىل سۆز ئېيتار ئۆزىگە ئوخشاش،
ھەقىقەت سۆزىگە كەلمەس تىلى لال.

## 122

جاھان غېمى زەھەر، تەرياق مەي گۈلگۈن،
تەرياق ئىچ زەھەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن.
قوڭغۇراق چاچ يار بىلەن ئوتلاقتا مەي ئىچ،
تۇپرىقىڭدىن ئوت ئۆسۈپ چىقماستىن بۇرۇن.

## 123

ئەي دىل، زاماندىن بولارسەن غەمناك،
ھامان ئۈچۈپ كېتەر تەندىن روھى پاك.
كوكاتلار ئىچىدە شاد بولغىن بىرنەچچە زامان،
كۆكلەملىك بولماستا بىزنىڭ ئەزىز خاك.

## 124

مېنى هالاك قىلدى غەمۇ ھىجرانىڭ،
ئېتىكىڭنى تۇتتۇم كەتكەن زامانىڭ.
كەتتىڭۇ غېمىڭدىن مىڭ كۆڭۈل ئۆلدى،
قايتتىڭ، يەنە مىڭ جان بولدى قۇربانىڭ.

## 125

ئەي ساقىي، قەدەھ تۇت ئۆمۈر قىسقا بەك،
شۇمۇ ھەم شاد ئۆتۈپ بولسۇنچۇ مەلەك.
بارىغا شۈكۈر قىل، ياشاۋەر خۇشال،
رايىڭغا راي بېرىپ، ئايلانماس پەلەك.

## 126

جاھاندا غەم يېمە، قولۇڭدىن كەلسە،
بولمايدۇ بار ـ يوقتىن دىل دەردكە تولسا.
بەش كۈنلۈك ئالەمدە يايراپ يەپ ـ ئىچكىن،
بىر تال قىل سېنىڭ مەس، خەزىنەڭ بولسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 127

ئۆلەر يېرىڭ خاھ بەلخ، خاھى نىشاپۇر،
ئاچچىقمۇ، چۈچۈكمۇ ئۆتەر بۇ ئۆمۈر.
مەي ئىچ، ئاي ئاسماندا بىزدىن كېيىنمۇ
نەچچە رەت شام يۇتۇپ، نەچچە رەت تولۇر.

## 128

يار ئىشتىياقى باش چاناقتا بولسۇن،
ئۇزۇم سۈيى قولدا، ئاياقتا بولسۇن.
ماڭا دېمە، تۆۋەنى قوبۇل قىلار ھەق،
تۆۋىسىمۇ مەندىن ئۇزاقتا بولسۇن.

## 129

ئۇلكىم جاھان تۇزدى، چەرخ ـ پەلەك تۇزدى،
كۆڭۈلگە داغ سالدى ھەم چاك ـ چاك تۇزدى.
بەكمۇ كۆپ ياقۇت لەۋ، ئاي يۈزلۈكلەرنى
يەر ئىچىدە جا قىلدى، بىر ئۇچ خاك تۇزدى.

## 130

ئۇ ئەزەل سەييادى قويۇپ دان ۋە دام،
ئۆز ئوۋىغا قويدى ئادەم دېگەن نام.
ئالەمدە نە ياخشى ـ يامانلىق بولسا،
ئۆزى قىلىپ، دۆڭگەيدۇ ئادەمگە مۇدام.

## 131

بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ قىلمىشى قىلتاق،
قىلغىنى بارمۇ ھېچ ئادەم كۆڭلىن چاغ؟
دۇنيادا كىمنىلا كۆرسەڭ داغ دىلى،
بۇ پەلەك قويىدۇ داغ ئۈستىگە داغ.

## 132

قىيىنچىلىق چېكىپ، ئادەم ھۆر بولۇر،
سەدەپتە قامىلىپ قەترە دۇر بولۇر.
مال كەتسە باش قالۇر ئۇنىڭ ئورنىغا،
قەدەھ قۇرۇقدالسا، باشقىدىن تولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 133

مىجەزىم — يۈزى گۈلگە چىگىلگەن بولىدۇ،
قولۇم — جامى ھۆلگە چىگىلگەن بولىدۇ.
ھەر مۆچىدىن ئالاي ئىسمۇەمنى چۈنكى،
مۆچىلەر بەرى كۈللىگە چىگىلگەن بولىدۇ.

## 134

ئاغرىقمەن، قىزىتما ئىمتىھان قىلۇر،
ئىچمىسەم مەي ماڭا قەستى جان قىلۇر.
بۇ ئەجەب ئىشنى كۆر، بىتابلىقىمدا
مەيدىن باشقا نەرسە كۆپ زىيان قىلۇر.

## 135

قېرىلىق بېشىمدا ئىمانچە بالا؟
ياناغىم گۈلنارى — ھازىر كەھرىۋا.
ۋۇجۇدۇم ئۆيىنىڭ تۆت مەزمۇت تېمى،
بۇزۇلغان، چۇۋۇلغان، خاراب، بىداۋا.

## 136

مېنىڭ قايغۇلىرىم ئۇزۇندىن ئۇزاق،
سېنىڭ قۇۋانچىلىرىڭ چەكسىزدۇر، بىراق.
ئاڭا ھەم بوڭا، ھەم سۆيۇنمە، چۈنكى
ھەممىنى بۇ پەلەك قىلار لىڭگىرچاق.

## 137

كىمنىڭكى بار بولسا بىر بۇردا نانى،
ئۆزىگە يارىشا ئۆي ھەم ئاشىيانى.
نە بىراۋ ئاڭا قۇل، نە ئۇ بىراۋغا،
ئېيت، شاد ياشاۋەرسۇن، خۇشتۇر زامانى.

## 138

نە ئىسسىق، نە سوغۇق، چىرايلىق باھار،
بۇلۇت گۈل يۈزىدىن سۇمۇرەر غۇبار.
سېرىق گۈلگە بۇلبۇل يۈرەك تىلىدىن
پەرياد قىلىپ دەيدۇ: «مەي ئىچمەك دەركار.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 139

مەي ئىچ، دىلدىن كېتەر تەشۋىش ۋە زىللەت،
تەك كۆرۈنەر يەتمىش ئىككىلا مىللەت.
دەردىڭگە ئىزدىمە شىپاھى مەلھەم،
بىر يۇتۇم شارابتىن ئېرەر مىڭ ئىللەت.

## 140

سېنىڭ مەپتۇنىڭمەن، بېرەيچۇ خەۋەر،
ئۇنى ئىككى سۆزدە قىلايچۇ جەۋھەر.
ئىشقىڭ تۇپراق قىلار، ئەمما مېھرىڭدىن
بېشىمنى كۆتۈرۈپ، بولۇرمەن گەۋھەر.

## 141

يەردىن بىرەر گۇل ئۇندۇرمەس ئاسمان،
تا ئۇنى قىلماستىن يەر بىلەن يەكسان.
تۇپراق بولۇت بولۇپ كۆككە ئۆرلىسە،
قىيامەت كۈنگىچە ياغار ئىدى قان.

## 142

ئۆلكى باش كاسەسىنى بىنا قىلىپتۇ،
كاسەگەر ھۈنىرىن پەيدا قىلىپتۇ.
باش كاسەسىن ۋۇجۇد داستىخىنىغا
دۆۋلەپ لىقمۇلىق سەۋدا قىلىپتۇ.

## 143

بۇ زامان ئەقىلدىن پايدا يوق زىنھار،
ئەقىلسىز كىشىگە جاھان ئۇنۇمدار.
ئەقلىمنى ئالغۇچى نەرسىنى كەلتۇر،
شۇ چاغدا زار زامان ماڭا بولۇر يار.

## 144

مەن ئەمدى زىدلىققا قالدۇرمايمەن يوق،
ئاپئاق چېچىم بىلەن مەيگە سوزاي قول.
يەتمىشكە يېتىپتۇ ئۆمۈر مەنزىلىم،
قالمىدى مەزگىللەر خۇشاللىققا مول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 145

ئۆمرۈڭ قاچانغىچە ئۆزۈم دەپ ئۆتەر،
يوقلۇق ـ بارلىق ئارا كېزىم دەپ ئۆتەر.
ئىچىپ قال، غەم بولغاچ ئۆمرۈڭ تېگىدە،
ئۇيقۇ يا مەستلىكتە بىردەمدەك ئۆتەر.

## 146

بىر پاتمان شارابنى بىر جامغا سالسام،
ئىككى جام مەي بىلەن باي بولۇپ قالسام.
ئاۋۋال ئەقلى دىنىمنى قىلىپ ئۈچ تالاق،
سوڭرە تەك قىزىغا ئۆيلىنىۋالسام.

## 147

ئۆتۈپ بارار ئەجەب ئۆمۈر كارۋانى،
قولۇڭدىن چىقمىسۇن شادلىق زامانى.
ساقىي غېمىنى يېمىگىن ئەرتەڭنىڭ ھەرگىز،
قەدەھ سۇن ! ئۆتمىسۇن تۈننىڭ ھەر ئانى.

## 148

رىزقىڭنى ئوشۇق ۋە كەم قىلىپ بولماس،
ئاز ـ كۆپ دەپ كۆڭۈلدە غەم قىلىپ بولماس.
بۇ ئىشلار سەن ـ مېنىڭ قولىمىزدىكى
موم ئەمەس، ئېزىپ خەم① قىلىپ بولماس.

## 149

چۈشەنسەڭچۇ ئەزىز ئۆمۈر ئۆتمەكتە،
كۆرسەڭچۇ ئۇ بەك قەدىرسىز پۈتمەكتە.
بىر ئەسنامۇ ئەيش ـ ئىشرەت قىلالماي،
مىڭ ئەتتەڭەي ئۆمۈر بۇندىن ئۇڭا كۆچمەكتە.

## 150

ئۆمرۈڭدىن تىنىق ھەم ئۆتسە، ئەي ئىنسان،
قولۇڭدىن چىقارما ئۇرماستىن خەندان.
قانداق ئۆتكۈزسەڭ شۇنداق ئۆتىدۇ ئۆمۈر،
ھوشيار بول، ئەسلىدە شۇنداقتۇر جاھان.

---

① ئەگمەك، پۈكمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 151

ئەي شاھ، پەلەك قىلدى سېنى شەھرىيار،
ئاستىڭدا ئارغىماق، شاھانە ئات بار.
تۇيۇقسىز باسمىغاي دەپ ئالتۇن تۇيىقى،
يەرنى كۆمۈش قىلدى، ياغدۇرۇپ ئۇ قار.

## 152

پەقەت ئىلىم بىلەن بۈيۈك مەس ئادەم،
ئەھدۇ ۋاپا بىلەن بۈيۈك پەس ئادەم.
سۆزى بىلەن ئىشى بىر چىقسا ئەگەر،
ھەر نەرسىدىن بۈيۈك، مۇقەددەس ئادەم.

## 153

بىر نان تېپىپ يېسەڭ ئەگەر ئىككى كۈن،
سۇنۇق كوزاڭ بولسا سۇ ئىچمەك ئۈچۈن.
ئۆزۈڭدىن پەسلەرگە ياللانماق نېمە؟
ئۆز بولۇپ خىزمىتىنى قىلماقلىق، نېچۈن؟

## 154

مەي نادانغا ھارام، داناغا ھالال،
كىم بىلەن ۋە قاچان مۇمكىن، بىلىپ ئال.
ئاشۇ ئۈچ ئىشنى ھەل قىلالىساڭ،
دېمەك بىلىمدانسەن، سۇمۇر بىمالال.

## 155

قۇۋانچلار يولىنى تۇتۇپ ھەر خىل ھەي،
قىرغاقتا يار بىلەن ئىچسەڭ راسا مەي.
بار بولدۇم، باردۇرمەن، تا بار بولغۇچە،
مەي ئىچتىم، ئىچكۈلۈك، ھەر دائىم ئىچەي.

## 156

غۇسسە قۇچىقىغا ئالمىسۇن بىردەم،
ئۆمۈرنىڭ ئىشلىرى سالمىسۇن ئەلەم.
ئولتۇرغىن سۇ بويى، تامنىڭ تۈۋىدە،
توپاڭدىن تام ئۈنۈپ چىققۇچە ئادەم.

## 157

ھەر دائىم قولۇمدا قەدەھ تۇتقانىدىم،
مۇنبەر ۋە دەپتەرنىڭ بەھرىن ئۇتقانىدىم.
مەنغۇ بىر ھۆل پاسىق، سەن قۇرۇق زاھىت،
ھۆل ــ يانماس، بۇنى مەن كۆرۈپ ئۇققانىدىم.

## 158

تاڭ سەھەر لالىگە شەبنەملەر تېگەر،
چىمەندە بىنەپشە بويىنىنى ئېگەر،
راست ئېيتسام، غۇنچىدىن بەكمۇ رازىمەن،
چۈنكى ئۇ كۆتۈرمەس نە ئېتەك، نە پەر.

## 159

ئىش ئوگى ــ تەتۈرىن ياراتقاي رازىاق،
رەقىبىڭ ئىشىنىڭ ئوڭلىنىشىغا باق.
دىنىسىزلارغا بېرىپ مەي شېشىسىنى،
ساڭا قالدۇرغىنى ئىچى لەش قاپاق.

## 160

بىر جام مەي ئەرزىيدۇ يۈز دىل ۋە دىنغا،
بىر يۇتۇم مەي ئەرزىر دۆلىتى چىنغا.
دۇنيادا شارابتىن ئارتۇق ياقۇت يوق،
ئاچچىقى ئەرزىيدۇ جاندەك شىرىنغا.

## 161

سىمابتەك بۇلۇتتىن ياغدى يامغۇر ئەن،
يامغۇردىن ياشنىدى قىر، دالا، چىمەن.
لالىدەك قەدەھكە گۈلگۈن شاراب قۇي،
بىنەپشە بۇلۇتلار تۆكەر ياسىمەن.

## 162

مەي ئىچسە گادايمۇ سۇلتان بولىدۇ،
تۈلكىمۇ ئارسلان، مەردان بولىدۇ.
ياش ئىچسە بولىدۇ، دانىش ـ ئاقساقال،
ئاقساقال ئىچسە ياش ـ يۇمران بولىدۇ.

## 163

هەر سىرنى، دىلىدا ساقلىسا دانا،
ئۇ پىنھان بولغايكى مىسالى ئەنقا.
سەدەبىنىڭ ئىچىدە قەترە دۇر بولۇر،
سىر قىلىپ يوشۇرغاچ قەلبىدە دەريا.

## 164

دەرلەركى: جەننەتتە ھۆر، كەۋسەر بولارمىش،
ئىرىقتا لىق شاراب، شېكەر بولارمىش.
قەدەھنى تولدۇرۇپ، ئۆز قولۇمغا بەر،
مىڭ نېسىدىن بىر نەقى دىلبەر بولارمىش.

## 165

ئەتىگەن تاڭنۇرى چاچقاندا ئاپتاپ،
قولۇڭدا تولغان جام بولمىقى ساۋاپ.
ھەقىقەت ئاچچىقتۇر دېگەن گەپ بارغۇ،
شۇ دەلىل بىلەن ھەق ئىكەنغۇ شاراب.

## 166

مەي باردا تولا قىلمىغىن ئەسلا،
ۋەدە بەرسەڭ قىل، ۋەدەڭگە ۋاپا.
گۈل ياقىسى يىرتىق، بۇلبۇللار زارلىق،
بۇنداق چاغدا توۋىلار بولارمۇ راۋا؟

## 167

خۇش ۋاقىت بول، كەلمەكتە ھېيتۇ ئايەم ئەي،
تەل بولۇپ ھەننىۋا قوۋانچ كوتولگەي.
سۇسلۇقتىن ئاي سېرىق، سولغۇن ۋە سۇنۇق،
ۋاقتىدا بۇ دەردلەر توگەر پۈتۈنلەي.

## 168

تامچە سۇ دەريادا يوق بولۇپ كەتتى،
يەرگە چاڭ قونديۇ كۆمۈلدى، كەتتى.
دۇنياغا كېلىشىڭ، كېتىشىڭ نېمە؟
بىر چىۋىن تۇغۇلدى، يا ئۆلۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 169

دىلىمىزدا بولسۇن دائىم ئىشق پاك،
ئاخىرىدا ئەجەلدىن بولىمىز ھالاك.
ئەي چىرايلىق ساقىيىم بىكار ئولتۇرما،
مەي بەر، بىر كۈن خاك بولۇرمىز، خاك.

## 170

كۆڭلۈم بولغاچ ناماز ـ روزىغا مايىل،
دېدىم پۈتكۈل مۇراد بولغۇسى ھاسىل.
بىر يەل بىلەن ئەپسۇس، سۇندى تاھارەت،
روزامنى بىر يۇتۇم مەي قىلدى باتىل.

## 171

پەلەكنىڭ ئۇستىدىن كىم قۇچتى زەپەر،
يەر قاچان ئادەم يەپ تويغان، كىم بىلەر.
يېمىدى مېنى دەپ گىدەيمە ھەرگىز،
ئاسقما، كۆپ ئۆتمەي نۆۋىتىڭ كېلەر.

## 172

دىلىم ئىلىملەردىن مەھرۇم بولمىدى،
بىر سىر قالمىدىكى مەپھۇم بولمىدى.
كۈنۈ تۈن كۆيلىدىم يەتمىش ئىككى يىل،
چۈشەندىم — ھېچ نەرسە مەلۇم بولمىدى.

## 173

ئەپسۇس، يورۇق ئۆمرۈم قارا تۈن بولدى،
ئەجەلنىڭ دەستىدىن جىگەر خۇن بولدى.
ئۇ دۇنيادىن كېلىپ ئېيتمىدى ھېچكىم،
كەتكەنلەر بېشىدا قانداق كۈن بولدى.

## 174

ئەپسۇسكى يىگىتلىك مەۋسۇمى پۈتتى،
كۆكلەم ئۆتۈپ كەتتى، قىش كېلىپ يەتتى.
ياشلىق دەپ ئاتالغان سۆيۈنۈش قۇشى،
بىلمىدىم، قاچانلار كەلدىيۇ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 175

رەڭ ـ بۇيغا قانچىلىك ئەسىر بولارسەن؟
ياخشى ـ يامانىنى دەپ پېقىر بولارسەن؟
خاھ زەمزەم سۈيىيۇ خاھ هايات سۈيى،
ئاخىر يەرگە كىرىپ، تاقىر بولارسەن.

## 176

قىسمەتنى ئەزەلدىن يازغانىمىش خۇدا،
ئۇنى قىلالمايسەن كۆپ ھەم كەم ئەسلا.
دېمەككى، بارىڭدىن بولغىن خاتىرجەم،
يوقنى دەپ پۇچۇلما، تاپقىن تەسەللا.

## 177

كېتىشتىن قورقمايمەن، مەن بۇ دۇنيادىن،
چۈنكى ئۇ دۇنيادا ئۆمرۈم زىيادە.
ۋاقتى كەلگەچ تەندىكى ئامانەت جاننى
تاپشۇراي، ئاشۇنداق بولغاچ ئىرادە.

## 178

خۇشاللىق كىتابى ئوقۇماق كېرەك،
غەم گىياھ ئۈنمىگەي دىللاردا قىلدەك.
ئارمىنىڭنى ئورۇندات، مەي ئىچىپ دائىم،
مەلۇمكى، تېز كېلۇر ئۆلۈمدىن دېرەك.

## 179

ئەمدى خۇشاللىقتىن پەقەت نام قالدى،
راۋۇرۇس ھەمدەملەردىن مەيۇ خام قالدى.
خۇرسەنلىك قولىنى ئۈزمە قەدەھتىن،
چۈنكى بۈگۈن قولدا مەيۇ جام قالدى.

## 180

ئۈمىدلەر دانىسى خاماندا قالۇر،
باغ ـ قەسىر نە سەندە، نە مەندە قالۇر.
زەر ـ كۈمۈش توپلىما، دوستلار بىلەن يەپ ـ ئىچ،
بولمىسا، ھەممىسى دۈشمەندە قالۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى كەتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكتى تالاپىسى
www.uyghurkitap.com

## 181

سەۋەب سەھراسىدا كىمكى سەرگەردان،
ئىشلارنى يورگوزەر ئۇنىڭسىز سوبھان.
بوگون بىر ۋەجنى تاشلاپ ئورتىغا،
ئەتە بەجا بولار تەقدىرى ئاسمان.

## 182

بۇ كاسە ياسالغان گوزەل ـ يالتىراق،
چۆل ـ چۆل بوپ يوللارغا تاشلىنار بىراق.
ھەرگىزمۇ خار قىلما ئۇنى سەن دەسسەپ،
بۇ كاسە ئەسلىدە چاناق، باش چاناق.

## 183

قېلىپتىن چۇشكەندە لېيىمىز ئەزەل،
پەيلىمىزدە بولسا ھەرقانداق ئەمەل.
بولالايتتىمۇ مەن ئۇندىن ئەۋزەل،
ئەزەلدە بارچىسى بېرىلگەن توگەل.

## 184

كۆپلەر دانىشمەن دەپ بىلدىلەر ئۆزىنى،
خۇدانىڭ نامىدىن باشلىدى سۆزىنى.
ھېچبىرى بىلەلمەي ئەزەل سىرىنى،
ئالجىپ ۋە ئالاخلاپ يۇمۇشتى كۆزىنى.

## 185

بىرىنىڭ خىيالى مەيدە، قۇيقىدا،
بىرىنىڭ مېھرابتا، تىنچ تۇيغۇدا.
بىكارلار يوق ئېرۇر، بارچىدا تەشۇش،
يالغۇز ئۆزى ئويغاق، ھەممە ئۇيقۇدا.

## 186

پەلەك ئارغىمىقىنى ئېگەرلىگەن كۇن،
ياستىلغاندا مۇشتەرى، پەرۋىن.
نېسىۋىمىزنىمۇ پۈتكەنتى ئىگەم،
قىسمەت شۇنداق، بولما جىگەر خۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 187

ئاپتاپقا ئوخشايدۇ باردا بىلىمدان،
ھەر بىرى خەزىنە ئىلىمدە چەندان.
بۇ قارا تونلەردىن يول تېپىشالماي
كېتىشتى چۆش ئىزدەپ ئۇيقۇغا خەندان.

## 188

جانىجان دوستلىرىم بىر - بىر كېتىشتى،
ئەجەلدىن تۇپراققا كىرىپ يېتىشتى.
ئۆمۈرنىڭ بەزمىدە ئىچتۇق بىر پەسلەك،
ئاۋۋالراق مەست بولۇپ بەرى يېتىشتى.

## 189

كىمكى بۇ دۇنياغا ئەسىر ۋە قامال،
بار ۋە يوق غېمىدە دىلتەڭگۇ مالال.
ياشىماي قېرىدى بۇنداق ئادەملەر،
ئۆزۈم بولماي بىردىنلا بولۇشتى قاقشال.

## 190

ئالەمنى پىيادە كېزىپ چىققانلار،
ئىككى دۇنيا سۆزىنى دىلغا تىققانلار.
بىزلەردىن ئارتۇقراق بىلىشتىمىكىن؟
جاھاننىڭ سىرىنى قويماي يىغقانلار؟

## 191

لاي مۇشتلاپ تۇرغان شۇ ئاڭقاۋ بىر كۇلال،
قىلىسىدى ھوش بىلەن تېرەنرەك خىيال.
ھېچقاچان بۇنچىلىك چەيلىمەس ئىدى،
ئانا تۇپرىقىنى، ياساشچۇن ساپال.

## 192

تاكى غەم باشلارغا سالغۇچە غوۋغا،
ئېيتقىن، مەي بېرىشسۇن بىزگە بىباھا.
ئالتۇن ئەمەسسەنغۇ بىلىپ قوي، نادان،
كۆمگەچ قايتا كولاپ ئالمايدۇ ئەسلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 193

بىنەپشىدە ئەجەب بوياقلار پەيدا،
گۈل بەرگىنى يېرتار شوخ سەلكىن، سابا.
كۆمۈش تەن يار بىلەن ئىچىپ شارابىن،
كوزىسىن تاشلارغا ئۇرىدۇ دانا.

## 194

دەيدىلەر: كىم قىلسا تائەت ـ ئىبادەت،
قانداق ئۆلسە، شۇنداق ئويغىنار ئەلۋەت.
دائىما مەي ۋە يار بىلەن بىللە مەن،
مەن شۇنداق تىرىلسەم، بولسا قىيامەت.

## 195

شاد بولماق ئىستىسەڭ ئەلدىن تەمە ئۈز،
دەۋر ياخشىمۇ، يامان، ئىناقلىقنى بۇز.
قەدەھ ۋە يار چىچى بولسۇن قولۇڭدا،
ئۆتەر بۇ دەۋرىڭ بۇ كىچە ـ كۈندۈز.

## 196

مەي ئىچسەڭ، ھوشۇڭنى دەربەدەر قىلۇر،
ياۋىڭنى يەر بىلەن باراۋەر قىلۇر.
ھوشيارلىق پايدىسىز، ئاقىۋەت غېمى،
دىلىڭنى كۆيدۇرۇپ، داغ ـ يارا قىلۇر.

## 197

ھەر كىم ئەقىل سۆزىگە سالىدۇ قۇلاق،
تېگىدە بۇ ئەتمىش ئېرۇر ئۇي ساغماق.
يوق ئەقلىڭ زور كېلىپ ساتمىدىڭ مەينى،
ئەبلەخلىق تونىنى كىي، ئاشۇ ياخشىراق.

## 198

مەينى تاغقا بەرسەڭ، تاغ ئۇينار ئۇسسۇل،
يامانلار يامانلاپ ئۇنى دەر ئوسۇل.
مېھرىمنى ئۈزمەيمەن مەن مەيدىن، چۈنكى
مەي بىزنى پەرۋىشلەر، شاراپتى مول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 199

جاھاننىڭ يەكۈنى بولغان ئىنسانلار،
پەلەكنىڭ ئەۋجىنى ئۆيلىغان ئانلار.
زاتىڭنى بىلىشتە خۇددى ئاسماندەك،
قىلىنغان سەرسانۇ ۋە سەرگەردانلار.

## 200

مەنىسىز تەقدىرىمنى يازىدۇ قەلەم،
مەن نېچۈن سوراققا بولىمەن دەرقەم.
تۇنۇگۈن مەنىسىز ئۆتتى، ئۆتەر بۈگۈنمۇ،
جاۋابكار بولۇرمەن نېچۈن تاڭنا دەم.

## 201

ئۆزىنى دانا بىلگەن ئۇ ئۈچ ـ تۆت نادان،
ئېشەكتەك خۇيىنى قىلۇر نامايان.
بۇلار سۆھبىتىدە سەنمۇ ئېشەك بول،
بولمىسا «كاپىر» دەپ قىلىشار ئېلان.

## 202

ئاپتاپ تاڭ كامانىدىن چۇشۇردى تامغا،
كۈندۈز شاھى مۆھۆر قويۇشتى جامغا.
مەي ئىچ، ئىشق ئىداسى سەھەر پەيتىدە،
«ئىشرەبۇ ...»① ئاۋازىن يايدى ئەييامغا.

## 203

ھاياتقا قېرى – ياش ھەر كىملەر يېتەر،
ھەممىسى ئىزمۇئىز، بىر – بىرلەپ ئۆتەر.
بۇ دۇنيا ھېچكىمگە قالماس ئەبەدىي،
كېتىشتى، كېتىمىز، كېلىشەر، كېتەر.

## 204

مىش – مىشلار تارالسا ئۇندى يېڭى گۈل،
گۈل يۈزلۈك گۈزىلىم شاراب كەلتۈرگىن.
ئويلىما، دوزاخ ۋە جەننەتنى، ھۆرنى
ھەممىسى مىش – مىش گەپ، يايراپ ئولتۇرغىن.

---

① ئىشرەت قىلايلى، يەنى ئىچەيلى ... دېگەن مەنىدە.

## 205

دەرۋىشنى رىياغا قىلىشتى مەھكۇم،
تېنىنى جېنىدىن قىلىشتى مەھرۇم.
بېشىمغا خورازنىڭ تاجىسى كەبى،
ھەرنى قويسىمۇ مەن قويىمەن خۇم.

## 206

بىرىنى كەلتۈرسە، باشقىسىن ئالار،
ھېچكىمگە سىر بەرمەس ۋە پىنھان قالار.
قىلمايدۇ بىزلەرنى قازاغا ئاشنا،
ئۆمرىمىز كاسەدۇر، مەينى ئۇ قۇيار.

## 207

ساڭا كۆرسەتسە گەر ياساقلىق ئالەم،
سەن سۆيمە، سۆيمەيدۇ ئەقىللىق ئادەم.
سەندەكلەر بىر تالاي كەلدىيۇ كەتتى،
سېنى ئالماي تۇرۇپ، ئېلىپ قال سەن ھەم.

## 208

خۇش ۋاقىت بول، ئالەمدە غۇسسە بىپايان،
بۇ چەرخ يۇلتۇزغا جەڭ بىرەر ھامان.
سېنىڭ تۇپرىقىڭدىن ياسالغان خىشلار،
بولار ئۆزگىلەرگە مەنزىل ۋە ماكان.

## 209

بىزلەر بولمىساقمۇ جاھان بولىدۇ،
بىزلەردىن نە نام ۋە نىشان بولىدۇ.
ئەزەلغۇ يوق ئىدۇق، يەتمىگەن دەخلى،
يەنە بولمىساقمۇ ھامان بولىدۇ.

## 210

يا ھۆكمىڭدە پۇتكۇل يەر يۇزىن تۇتقىن،
گەر سېنىڭ بولسۇن مىسىر ياكى رۇم ۋە چىن.
ئاخىر بۇ بايلىقتىن ئالار ھەسسەڭ، بىل
ئون گەز كېپەن بىلەن ئىككى گەز زېمىن.

www.uyghurkitap.com

## 211

جەننەتتە ھەم ھۆرۇ ئۇماق بولارمىش،
ھەممىسى مول كۆلۇ قۇۋناق بولارمىش.
بىز مەيۇ مەشۇقنى سۆيسەك ئەرزىيدۇ،
چۈنكى بەربىر ھەم شۇنداق بولارمىش.

## 212

دېيىشەر شەھەردە گەپ تاپار ئاسان،
شۇ ئەزىز يارىمنىڭ خۇي ـ پەيلى يامان.
بىر ياخشى قايناردىن چىقماس رەسۋالىق،
ئاخىر ياخشى بولار، ياشاۋەر نادان.

## 213

دىل مۈلكىدە بولماق كېرەك بەك ھوشيار،
جاھان ئىشىدىمۇ بىئۇن ۋە بىكار.
ئىككى كۆز، تىل، قۇلاق ئامان چېغىدا،
كۆز ۋە تىل، قۇلاقسىز بولماقلىق دەركار.

## 214

تىزلىرىم ئېگىلەر شاراب ئوتلىسام،
گۇناھمەس سەجدىغۇ بۇمۇ ئويلىسام.
ئەزەلدىن بىلەردى بۇنى ھەق ئۆزى،
نامەردلىك بولمامدۇ ئىچىپ قويمىسام.

## 215

ئەھلى بولسا ئوت ئىچىدە ئىنسان،
ئەھلى كىشىلەرگە ئوتلارمۇ ئاسان.
نائەھلى كىشىلەر سۆھبىتىدىن قاچ،
نائەھلى سۆھبىتى ياماندۇر يامان.

## 216

ئىشق ياسىما بولسا، ئاپتاپى بولماس،
كۆل باسقان ئوتلارنىڭ ھېچ تاۋى بولماس.
چىن ئاشىقنىڭچۇ كېچەيۇ كۈندۈز،
ئاي - يىللار كۆزىدە دەم خابى[1] بولماس.

---

① ئۇيقۇ.

## 217

مېنى قىلدى ئۇشبۇ دۇنيادا مەۋجۇت،
ھاياتتا تاپقىنىم ھەيرەت ــ تەرەددۇت.
ئۆتتۇمۇ بۇ يولنى چۈشىنەلمىدىم،
كەلمەك ۋە كەتمەكتىن نېمىكىن مەقسەت؟

## 218

ئۈچمەي تۇرغىنىدا نامىڭ ئالەمدىن،
مەي ئىچىپ پاكلىغىن دىلىڭنى غەمدىن.
بۇغۇنلار تۇگۈنى يېشىلمەي تۇرۇپ،
يار چېچى تۇگۈنىن يەش، چىق ئەلەمدىن.

## 219

پايدا يوق بىھۇدە يېمەكلىكتىن غەم،
چەرخ مىڭلاپ بىزدەكنى ئەكتى ئوردى ھەم.
قەدەھنى تولدۇرۇپ قولۇمغا بەر تېز،
بولارى بولدى دەپ ئىچەي دەمۇدەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 220

ئەقىل لال بولمىغان تۈن يوق ئەجەبا،
يىغىدىن ئېتەككە دۇر تولماس، ئەمما
لىقلاللماس باشىمنىڭ كاسەسىن سەۋدا،
دۇم بولغان شۇ كاسە تولمايدۇ ئەسلا.

## 221

مەن كەلدىمۇ دۇنيا كۆردىمۇ پايدا؟
كەتسەم مەرتىۋىسى ئاشۇرمۇ، قايدا؟
ھېچكىممۇ بىرەلمەي كەتتى يەشىملەپ
كېلىشىم ـ كېتىشىم سەۋەبى قايدا؟

## 222

ئۆزگەرتىپ بولمايدۇ نە پۈتسە قەلەم،
پەقەت دىل خۇن بولۇر تارتىۋەرسەڭ غەم.
بىر ئۆمۈر يۇتساڭمۇ جىگەر خۇنىنى،
ئۆمرۈڭنى ئۇزارتىپ بولماس بىرەر دەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 223

قەلەندەر يولىدىن يۈرمىسەڭ بولماس،
قېنىڭدا يۈز يۇيۇپ تۇرمىساڭ بولماس.
بۇ قۇرۇق سەۋدانى پىشۇرالمايسەن،
ئۆزلۈكتىن كېچىپ، ئاھ ئۇرمىساڭ بولماس.

## 224

ئىچىپ قال تۇپرىقىڭ توزان بولىدۇ،
لېيىڭدىن پىيالە ـ جانان بولىدۇ.
جەننەت ۋە دوزاخنى ئويلاپ ئولتۇرما،
ئەقىل بۇڭا ئەسىر، ھامان بولىدۇ.

## 225

زۆھرە، ئاي ئاسمانغا چىققاندىن باشلاپ،
مەيدىن ساز نەرسىنى كىم كۆرگەن ... بىراق
ھەيرانمەن مەيپۇرۇش شارابنى سېتىپ،
پۇلىغا نېمە ئالۇر ئۇندىن ياخشىراق.

## 226

ئارقىمدىن تۈكۈرەر ماڭا زامانەم،
شامالغا كەتمەكتە كارى مەردانەم.
«جان چىقىپ كەلمەكتە» «نېمىگە؟» دېسەم،
دېدى: «نېتەي خاراب بولماقتا خانەم!»

## 227

ئۆلسەم تۇپرىقىمنى گۆم قىلىڭ، مەيلى،
ئەلكۈنگە ئىبرىتى شۇم قىلىڭ، مەيلى.
خا كىمنى مەي بىلەن چەيلەپ، لاي قىلىپ،
خۇم بېشىغا خىش يا خۇم قىلىڭ، مەيلى.

## 228

گۈل يۈز يار ھېچكىمگە نېسىپ بولماسكەن،
سانجىلماي تا ئۇنىڭ دىلىغا تىكەن.
تارغاققا نەزەر سال، يارنىڭ چېچىغا ــ
يەتكۈچە يۈز تارام باغرى تىلىنگەن.

## 229

قېرى بېشىم چۈشتى ئىشقىڭ دامىغا،
ئەكس ھال: چاپمايتتىم شاراب جامىغا.
ئۇستۇمگە تاقەتتىن كېيگەنتىم ئېگىن،
يىرتىلدى چىدالماي ئىشق ئەييامىغا.

## 230

رىزقىمنى مەي بىلەن تەل ۋە قۇت قىلىڭ،
كەھرىۋا يۈزۈمنى نەق ياقۇت قىلىڭ.
ھاياتتىن كۆز يۇمسام شارابتا يۇيۇپ،
تەك غولىدىن ماڭا بىر تاۋۇت قىلىڭ.

## 231

دوستلار ئىناقلىقنى قىلىسىڭىز ئادەت،
تېز - تېز دىدارلىشىپ، ئۆزنى قىلىڭ شاد.
ساقىي پاكىز مەينى سۇزگەندە ئەيلەڭ —
مەن بىچارىنى ھەم دۇئا بىلەن ياد.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 232

ئەقىل بەخت ـ قۇتقا ئىنتىلىپ ھەرگاھ،
ساڭا كۈندە يۈز رەت دەيدۇكى، ئاھ، ۋاھ،
شادلىنىپ ئۆتكۈزگىن تىرىكلىكىڭنى،
سەن ئۇرغاچ قايتىدىن كۆكەرمەس گىياھ.

## 233

بۇ قەبرىدىكىلەر بولۇشتى تۇپراق،
زەررە ـ زەررە بولۇشۇپ يېتىشار تارقاق.
ئاھ، بۇ قانداق شاراب، ئۇنى ئىچكەنلەر
قىيامەتكىچە ئەس ـ ھوشتىن يىراق.

## 234

ناماز، روزا دېمە بولسا ئىمكانىڭ،
كىشىدىن ئايىما بىر لوقما نانىڭ.
خەقلەرنى رەنجىتمە، غەيۋىتىن قىلما،
شۇنىڭدىن سېنىڭكى ئىككى جاھانىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 235

بازاردا بىر كوْلال كوّرسىتىپ هوْنەر،
بىر پارچە خام لاينى تېپىپ پىشوْرار.
لاي ئىڭراپ ئېيتىدۇ: «هەي، ئاستىراق تەپ
مەنمۇ سەندەك كوْلال ئىدىم، بوْرادەر.

## 236

ئۆمرۈڭ يۈز يىل بولسۇن، بەش يۈزۈ بىسيار،
بۇ كونا سارايدىن كېتىسەن ناچار.
ئاخىرى قىممىتىڭ بىرلا بولىدۇ،
بازاردا گاداي بول، تەختتە شەھرىيار.

## 237

تىرىكلىكتىن نېمە غېمىڭ بار ئەي يار؟
بىهۇدە پىكىردىن جېنىمدا ئازار.
قۇۋناق ياشىغىنچۇ ئۆمرۈڭ شاد ئۆتكەي!
تەقدىر ئىلكىدە مەس، نېمە چارەڭ بار؟

## 238

مەي خالاپ قالدى بۇ دىلى تەڭ كەلتۇر،
شاراب بولغاي مۇشكى ھەم گۈل رەڭ كەلتۇر.
گەر غەمدىن قۇتۇلماق غەرىزى بولسا،
ياقۇت شاراب كەلتۇر، يىپەك چاڭ كەلتۇر.

## 239

ئۇ لەھەلدۇر، ئىدىشى سادانى كەلتۇر،
شۇ ئۇلپەت، ھەرقاچان ئادانى كەلتۇر.
بۇ تۇپراق ئالەمنىڭ سوڭ نەتىجىسى،
شامالدۇر، بادەئىي يادانى[1] كەلتۇر.

## 240

خۇم تۈۋىكى جەمشىدنىڭ ئىلىدىن ياخشى،
تامچە مەي مەريەمنىڭ تىلىدىن ياخشى.
مەستلەرنىڭ تاڭغىچە چەككەن ئاھلىرى —
سەئىد ۋە ئەدھەمنىڭ دىلىدىن ياخشى.

---

[1] يامغۇردەك شاراب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## 241

ياشلىق ئەييامىدا ئەۋزەلدۇر شاراب،
ئەۋزەلدۇر پاكىز مەي ۋە يۈزى ئاپتاپ.
چۈشتۇر، خارابتۇر بۇ پانىي دۇنيا،
ئەۋزەلدۇر بولماقلىق بۇندا مەست ـ خاراب.

## 242

قوش ئىشىك دۇنيادا ماكان يوق، تار بەك،
ئامال يوق قان بولۇپ ئۆلۈشتىن بۆلەك.
شادىماندۇر بىر نەپەس ياشىمىغانلار،
ئانىسى تۇغمىغان راھەتتە، دېمەك.

## 243

شوخ يىگىت، ئورنۇڭدىن تۇرغىن تاڭ سەھەر،
ياقۇت مەيگە تولدۇرغىن بىللۇرى ساغەر،
ھەردەم ئامانەتتۇر، ئۆتۈپ كېتەر تېز،
سوڭ قانچە قىدىرساڭ تاپمايسەن خەۋەر.

## 250

مەي ئىچسەڭ ئاقىلۇ دانا بىلەن ئىچ،
ياكى بىر گۈل يۈزلۈك رەنا بىلەن ئىچ.
ئاز ـ ئاز ئىچ، گاھ ـ گاھ ئىچ ھەم يوشۇرۇن ئىچ،
ئازمىغىن، رەسۋا بولما، ھايا بىلەن ئىچ.

## 251

ئالەم گەردىشىدىن ئۆز بەھرىڭنى ئال،
شادلىق تەختىگە مىن، قولدا مەي ھالال.
بويسۇنساڭ ـ سۇنمىساڭ خۇدا زار ئەمەس،
ئالەمدە بەختىڭنى ئورۇنلىتىپ قال.

## 252

ئەي دىل، بىل ھەر نېمە تاڭسۇق جاھاندا،
بېزەيدۇ دىل بېغىن كوكات ھەر ياندا.
كەچقۇرۇن كوكاتقا شەبنەمگە ئوخشاش —
بىر قوندۇڭ، ئۇچسەن تاڭغى ئەزاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 253

بىزلەر قونچاقلارمىز، پەلەك قونچاقۋاز،
بۇ سۆزۈم چىن سۆزدۇر، ئەمەستۇر مەجاز.
يوقلۇق ساندۇقىغا بىر ـ بىر چۈشىمىز،
ۋۇجۇد پالىزىغا يۆگەنگەچ بىر ئاز.

## 254

لەۋ قويۇپ كوزىنىڭ لېۋىگە بىردەم،
ئۆمرۈمگە ۋاستە بول دېدىم ئەي ئەركەم.
لېۋىنى كەلتۈرۈپ لېۋىمگە دېدى:
مەنمۇ سەندەك ئىدىم، بىردەم بول ھەمدەم.

## 255

جاھان ھەقىقىتى سۈنئىيدۇر، ئەي دىل،
بىكاردىن ـ بىكارغا ئەلەم چەكمىگىن.
تەقدىرگە تەسلىم بول، ئاز ـ كۆپىگە كۆن،
قىسمەتنىڭ پۈتكىنىن ئۆزگەرمەس دەپ بىل.

## 256

دېدىڭ: «ھەقىقەت نېمە، نېمىدۇر ئادەم؟»
سۆزلىسەم ئۇزىراپ كېتىدۇ قىسسەم.
ھەق ئۇنى ئۇندۇرۇپ دەريا قەھرىدىن
قەھرىگە ئاتىدۇ، ياشاتماي بىردەم.

## 257

ئاسمانغا چىق، قارا يەر بولسۇن بىر جاھان،
مەي ئىچ، گۇزەللەرگە پىدا قىلىپ جان.
كىمگە كېرەك غەزەپلىنىش ياكى يالۋۇرۇش
كەتكەنلەر كەلمىدى، كەلمەس ھېقاچان.

## 258

قايغۇمدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن ئۇ مارال،
بۇ كۇنمۇ مېھرىدىن كۆرسىتىپ جامال.
كۆزۈمگە بىر نىگاھ تاشلىدى كەتتى،
دېگەندەك «ياخشىلىق قىل، دەرياغا سال.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 259

بۇ پەلەك ھېچكىمدىن ئەمەستۇر رازى،
جاپاسىدىن ئۆلدى مىلك مەھمۇد، ئايازى.
ئىچىۋەر! ھېچكىمدە يوقتۇر باقىيلىق
كەتكەنلەر كەلمەيدۇ، ياڭرىماس سازى.

## 260

بۇ بارسا كەلمەس يول، بۇ ئۇزاق سەپەر،
قېنى كىم قايتىپتۇ، ئۇقۇشساق خەۋەر.
سىردىشىش، ئىلتىجا ئايرىلىشىدا
ھېچ نەرسە قالمىسۇن، سېنىڭمەس دىگەر.

## 261

سەنسىز ئوقۇغاندىن مېھرابتا ناماز،
مەيخانىدا ساڭا سىر ئېيتقىنىم ساز.
ئاۋۋال سەن، ئاخىر سەن، سەنسىز بەرى پۇچ،
مەيلى ئوتقا تاشلا يا ئەيلە تەنناز.

## 262

ئورنوڭدىن تاڭدا تۇر ئەي، ساھىبجامال،
ئاز ـ ئازدىن ئىچەيلى، راۋابىڭنى چال.
دۇنيادا ئادەملەر ئۇزاق تۇرمايدۇ،
كەتكەنلەر كەلمەيدۇ، يوق بۇڭا ئامال.

## 263

يېمەككە، ئىچمەككە يوقتى ئېھتىياج،
سېنى شۇنداق قىلدى بۇڭا نەئىلاج.
بەرگەنىنىڭ بەرىنى ئالار قايتۇرۇپ،
ئەسلىڭگە قايتۇرار ئاخىر بۇ راۋاج.

## 264

تائەت ئۇنچىسىنى يىپقا تىزمىدىم،
ئۆزۈمدىن گۇناھنى ھېچبىر سۈزمىدىم.
بىرىنى بىر دېدىم، ئىككى دېمىدىم،
شۇنىڭچۈن مېھرىڭدىن ئۈمىد ئۈزمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 265

خوپ كەلتۈر، قىش پەسلى، بۈگۈن ھەممە ياق،
قاردىن پاكىزەيۈ، بولۇپتۇ ئاپئاق.
بۈنداقتا بەزمە قىل، كەلتۈر ئىككى ئۈد،
بىرىنى سازلىغىن، ئىككىنچىسىن ياق.

## 266

بۈگۈن بىز ئاشىقلار مەست ۋە پەرىشان،
سەنەملەر كۈيىدە خوپ بادە نىشان.
پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ئۆزلۈكىمىزدىن،
بولۇشتۇق ئەرشكە بەندە ۋە ئىشان.

## 267

ئەي ئالەم سەرۋەرى دىن غېمىن يېمە،
قايسى كۈن ئىچمەكنى راۋادۇر دېمە.
ئىچىۋەر، يەكشەنبە، شەنبە، دۈشەنبە،
سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە.

## 268

ئەي دانىشمەن بوۋىيىم تۇرغىن سەھەررەك،
لاي ئېتەر بىر بالا، ئاڭا قاراپ باق.
ۋە ئاڭا دېگىنكى: «ئاستىراق ئەيلە
شاھ بېشى، باتۇرنىڭ كۆزى بۇ تۇپراق.»

## 269

يۈز شەبنەمنى تۆكمە، تەك بىر كېلىن ئاي،
چىركىنلەر قېنىنى تۆكۈۋەر، قورقماي.
تۆكسەڭمۇ ئىككى مىڭ يۈزسىز قېنىنى،
تۆكمىگىن بىر يۇتۇم شارابنى ئايىماي.

## 270

يائاللا، ئۇ گۈزەل ئاينى يارىتىپ،
سۈمبۈل چاچلىرىدىن ئىپار تارىتىپ.
ئاڭا قارىما دەپ بۇيرۇساڭ يەنە،
زۇلۇمغۇ ! دىل زوقىن ئۆزۈڭ ئويغىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 271

پاكۇ ئەھل، ئاقىل كىشىگە ئورتاق
بولۇر، نائەھلىدىن قېچىشۇر يىراق.
ئىچ زەھەر تۇتسىمۇ گەر دانا ساڭا،
قول سوزما شەربەتلەر تۇتسىمۇ ئاخماق.

## 272

جاپاكەش، ئۆتكۈنچى دەۋراندىن قورقما،
كۆرگۈلۈك ئۆتىدۇ جاھاندىن قورقما.
غەم يېمە، ئۆمرۈڭنى ئىشرەتتە ئۆتكۈز،
نەق شۇنداق كېلەچەك زاماندىن قورقما.

## 273

چۈشتە بىر قۇش كۆردۈم، سەھەر پەللىسى،
تاتمىدا ياتىدۇ كاۋۇس[1] كاللىسى.
قۇش ئاڭا قاراپ دەر: «ئاھ، ئەپسۇس، ئەپسۇس،
قېنى ئۇ قوڭغۇراق، ناغرا ساداسى.

---

[1] كەيكاۋۇس.

## 274

ھەييام، ئىچكۈلۈكتىن كەيپ قىلىپ، شاد بول،
بىردەم گۈزەل بىلەن ئولتۇرۇپ، شاد بول.
جاھاندا ھەر ئىشنىڭ پايانى يوقلۇق،
يوقلىغۇ بارلىقنى بىر بىلىپ، شاد بول.

## 275

بۇ جامنى كوّرگەنلەر ئاپىرىن دەيدۇ،
يۈز مەرتەم لېۋىگە سۆيۈپ كىم تويدى؟
پەلەك كۈلالىنىڭ قىلمىشىغا باق،
نازۇك جام ياسىدى، سۇندۇردى قويدى.

## 276

ئېغىرلىق قىلغاندا دىلىمغا قايغۇ،
غەم - ئەلەم سالغاندا دىلىمغا ئاغۇ.
دىل غېمىن يۇيىدۇ جان سۈيى شاراب،
دەر ئۇنى ئىمىشقا شاررا ئاب — رەزىل سۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## 277

كۆلال دۇكىنىغا تاشلىدىم نەزەر،
ئىككى مىڭچە كوزا جىم سۆھبەتلىشەر.
قايسىمىز ساتارمەن، — دېدى بىر كوزا، —
قايسىمىز ئالارمەن، قېنى كوزىگەر.

## 278

مەستانە يول ئالدىم مەيخانا تامان،
كوزا قۇچقان مەست چال بولدى نامايان.
دېدىم: ئۇيالمايسەن خۇدادىن نېچۈن؟
ئۇ دېدى ئىچىۋەر خۇدا مېھرىبان.

## 279

تويدۇم قاششاق، دىلتەڭ ھاياتتىن پۈتۈن،
ئەي ئاللا، كۆرسەتكىن قۇدرىتىڭ بۈگۈن.
يوقنى بار قىلىسەن، يوقلۇقتىن چىقار —
مېنىڭ ھەم بارلىقىم ھۆرمىتى ئۈچۈن.

## 280

قانچىلىك دادلىسام مەن نادانلىقتىن،
دىل شۇنچە تەڭ بولۇر ناتاۋانلىقتىن.
ئەمدى مەن بىلىمگە زۇننار باغلايمەن،
ئۈيۈلۈپ گۇناھى مۇسۇلمانلىقتىن.

## 281

مەي ئىنساپ جامىدا لىۋەن بىر جاندۇر،
تەن شىشە ئىچىدە روھى راۋاندۇر.
ھېچكىم ھەمدەملىكتە تەڭ كېلەلمەيدۇ،
پەقەت شاراب ماڭا دوستى جاناندۇر.

## 282

تۇپراققا ئارىلاشماي ياكى قونماي خاك،
مېھمان بوپ كېلىدۇ ساڭا روھى پاك.
ئەتىگە مەي بىلەن كۆتۈۋال ئۇنى
دېمەستە: «ئەنئەمۇلىللاھۇ مەساك.»①

① خۇدا كېچەڭنى خەيرلىك قىلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت تارىيسى
www.uyghurkitap.com

## 283

كىم كۆڭلەر غىمىدىن دىلنى قىلار قان،
ھەييام، ئۇ ئادەمدىن ئۇيىلار زامان.
شىشەڭ تاشقا تېگىپ سۇنماستىن بۇرۇن،
شىشىدە مەي ئىچكىن، چال ساز، چەك پىغان.

## 284

بۇ ئالەم سۈرىتى بەرى نەقىش خىيال،
ئالىم ئۆلمەس، بىلمىسەڭ بۇدۇر غەيرىي ھال.
بىر كاسە مەي ئىچىپ ھوشۇڭ يىغىپ ئال،
بۇ نەقىشۇ خىيالدىن ئېرىغدال دەرھال.

## 285

قارا يەر ھىددىن تا ئەۋجى زۇھەل،
كائىنات سىرلىرىن بەرىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۈل تۈگۈننى ئاچقىرىپ، يەشتىم،
يېشىلمەي قالغىنى پەقەت بىر ئەجەل.

## 286

دوزاخۇ جەننەتنى كىم كۆرگەن، ئەي دىل،
ئۇ دۇنيا ئۇچۇرىن كىم بەرگەن، ئەي دىل.
قورقۇش ئۇمىدىمىز شۇلاردىن، ئەمما —
نامۇنىشانىسىن كىم بىلگەن، ئەي دىل.

## 287

كىمنىڭ يېنىدا بار گۈلدەك جانانى،
ئىستىگىن چىڭ تۇتسۇن قولدا پەيمانى.
ئەتە گۈل بەرگىدەك ئۇچۇرۇپ كېتەر،
ئۆمۈر كۆڭۈلكىنى ئەجەل بورانى.

## 288

بىر قولدا قۇرئانۇ بىر قولدا زەر جام،
بەزىدە ھالالمىز، بەزىدە ھارام.
پىرۇزە گۇمبەزلىك ئاسمان تېگىدە،
نە چىن مۇسۇلمانمىز، نە كاپىر تامام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭىلىقى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 289

مىسالى قۇشتۇرمىز، ئاياغلاردا دام،
ئۈمۈردىن دىل يارا، پەرىشان تامام.
ئىشىكسىز، بۇ تامسىز ئالەمدە سەرسان،
نە مۇرادقا يەتتۇق ۋە نە تاپتۇق ئارام.

## 290

خالىغان ئىشىمنى خالىماس خۇدا،
قاچان تىلىكىمنى ئەيلەپتۇ بەجا.
ئۇنىڭ ئىستەكلىرى توپتوغرا بولسا،
مېنىڭ تىلەكلىرىم پۈتۈنلەي خاتا.

## 291

بۇ بىخەۋەر دىلىم تەگدىغۇ جانغا،
جەبرىسىدىن جىنىم تولدى پىغانغا.
ئالەمگە بەرىبىر بار ۋە يوقلۇقۇم،
بەس، مەن نىمە ئۈچۈن كەلدىم جاھانغا.

## 292

مەيپەرەس مەيدىن مەست بولسام، بولدۇم،
ئاشىقى بۇتپەرەس بولسامۇ بولدۇم.
ئەل مېنى ئەلۋان خىل گۇمان قىلىدۇ،
قانداقلىقىم پەقەتلا ئۆزۈمگە مەلۇم.

## 293

دېيىشسە مەيپەرەس، خۇددى شۇنداق مەن،
دېيىشسە پاسىق، مەست خۇددى شۇنداق مەن.
سىرتىمغا بۇنچىلا قارىما، دىلىم —
بولسا پاكىز ياكى پەس، خۇددى شۇنداق مەن.

## 294

دۇنياغا كەلدىمۇ مەست بولدۇم دائىم،
قەدىر كېچىسىمۇ مەستمەن، مەيدىدۇر رايىم.
لېۋىم جام لېۋىدە، قۇچىقىمدا خۇم،
قولۇم كوزىدادۇر، تاڭ سەھەر بولغۇچە قايىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىز تارىيسى
www.uyghurkitap.com

## 295

روزا ـ رامىزاندا گەر ئىچسەم شاراب،
مېنى نادان دېمەڭلار، دېمەڭلار كاززاپ.
روزىنىڭ جەبرىسىدىن كۆنۈم ــ قارا تۈن،
شارابقا ئېتىلدىم، سەھەرلىك سوراپ.

## 296

قېنى ئۇ سىرداش دوست، سىر ئېيتسام بىردەم،
قانداقچە بولغىنىن ئەزەلدە ئادەم:
جاپا ۋە قايغۇدىن ئېتىلىپ لېيى،
بىر يول جاھان كېزىپ، تاشلىدى قەدەم.

## 297

ئاخشام شاراب ئىزدەپ بېسىۋاتسام يول،
يولدا ئۇتتا ياتار قاغجىرىغان گۈل.
دېدىم: «گۈناھىڭنى كۆيدۈرۈشۈپتۇ»
دېدى ئۇ: «چىمەندە كۈلدۈم» ئەي ئوغۇل.

## 298

بىر بۇلۇڭدا قاتتىق نانغا قانائەت،
ئىزدىمىدىم ئۇندىن ئارتۇق شاپائەت.
پېقىرلىقنى سېتىۋەتتىم جان ـ دىل بىلەن تىرىشىپ،
كۆرمىدىممەن پېقىرلىقتىن چوڭ دۆلەت.

## 299

ئىچمەستە قايغۇنىڭ قولىدىن شاراب،
شادلىنىپ ئىچمىدىم ئەسلا مەيى ناب.
ھېچكىمنىڭ تۇزىغا نان تۇگۇرمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ جىگىرىدىن يېمەستە كاۋاپ.

## 300

دېدىم: ئەمدى مەي گۇلگۇن ئىچمەيمەن،
مەي ـــ تەك قېنى، ئەمدى مەن خۇن ئىچمەيمەن.
قېرى ئەقلىم ئېيتتى: شۇ گېپىڭ راستمۇ؟
دېدىم: ھەزىللەشتىم، نېچۇن ئىچمەيمەن؟

www.uyghurkitap.com

## 301

ئۇيلانما، پۇلسىزۇ ناچار ئىچمەيمەن،
رەسۋالىقتىن قېلىپ يا ئار، ئىچمەيمەن.
مەن مەينى دىلخۇشلۇق ئۈچۈن ئىچەتتىم،
بۈگۈنچۈ، قەلبىمدە سەن بار، ئىچمەيمەن.

## 302

ئەپۇيىڭ بار، گۇناھتىن قورقۇش بىلمەيمەن،
رىزقى بەردىڭ، يول رەنجىن كۆزگە ئىلمايمەن.
رەھمىتىڭدىن يۈزۈم ئاق قوپسام مەھشەردە،
نامىم قارا دەپ تەشۋىش قىلمايمەن.

## 303

قولۇمدا بولمىسا ئەگەر مەيى پاك،
زەھەردۇر ئاغزىمدا بولسىمۇ تەرياق.
ئالەم غېمى زەھەر، داۋاسى شاراب،
مەي ئىچسەم زەھەرگە قارايمەن خۇشۋاق.

## 304

ئىچكۈلۈك گىدەيگەن باشنى قىلۇر خەم، ①
مەيدىن يېشىلمىگەن تۈگۈن يوق مەھكەم.
بىر يۇتۇم مەي ئىچكەن بولسىدى شەيتان،
مىڭ سەجدە قىلاتتى ئادەمگە ھەردەم.

## 305

بار ـ يوقنىڭ چىرايى — يۈزىنى بىلدىم،
ئېگىز ـ پەس يىلتىزى — ئىزىنى بىلدىم.
مەنسەپ دەپ مەستلىكنىڭ ئۆزىن بىلمىسەم،
بىلمىمم ھەش بولغاي، ئۆزىنى بىلدىم.

## 306

تىك تۇرالمايمەن شارابسىز ماڭسام،
تەن يۈكىنى تارتالمايمەن شارابسىز ئالسام.
بولايمەن سەدىقە شۇنداق دەملەرگە،
ساقىي مەي ئۇزاتسا، ئالالماي قالسام.

---

① ئېگىلىش.

## 307

گۈل بەرگىدە قۇياشنى مەن ئېتەلمەيمەن،
قىسمەتنىڭ سىرلىرىن ھەم يېشەلمەيمەن.
پىكىرلەر دېڭىزىدىن دۇر تاپتى ئەقىل،
قورقىمەن، بۇ دۇرنى ھەم تېشەلمەيمەن.

## 308

باشقىلار بېشىدىن نېچۇك ئايلىناي،
يا يېڭى سۆيگۈنى قانداقچە باشلاي؟
تۈگەتكەچ دۇرۇلدەپ ئاققان يېشىمنى،
ئۆزگە يار ھۆسنىگە قانداق باغلىناي؟

## 309

مەندىن مۇستاپاغا ئېيتىڭلار سالام،
كېيىن ھۆرمەت بىلەن بىر سۆز دەر ھەييام:
«ئەي ئۇلۇغ، نە ئۇچۇن ئېچىغان ئايران
شەرىئەتتە ھالال، تازا مەي ھارام؟»



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 310

مەي ئىچمەن، مەستلىك يوق ئەسلا،
قەدەھتىن باشقىغا بولمايمەن بالا.
شارابخور بولۇشتىن مېنىڭ غەرىزىم
ئۆزۈمگە ساڭا ئوخشاش قويماسلىق بىنا.

## 311

نەپسىم لەن جەڭدىمەن دائىم، نەقىلاي؟
شۇ دەردتە ئۆتەر يىل ـ ئايىم، نە قىلاي؟
ئېيتايلۇق، شەپقەتتە ئەپۇ قىلارسەن، لېكىن
ئۇياتتىن ئۆلەرمەن خۇدايىم، نە قىلاي؟

## 312

يا رەب ! لېيىمنى ئەتكەن ئۆزۈڭسەن،
ئۆرۈش ئارقىقىمنى ئۆرۈگەن ئۆزۈڭسەن.
ياخشى، يامانمۇ مەن، ماڭا نە ئامال؟
تەقدىرنىڭ ماڭلىيىن بەرگەن ئۆزۈڭسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 313

گۈل دەر: مەن يۇسۇپ مەن مىسىر — چىمەندە،
ياقۇتتىن قىممەترەك زەر ئارتۇق خەندە.
دېدىم: يۇسۇپ بولساڭ بەلگەڭنى كۆرسەت،
دېدى: باق، قانلىقتۇر كۆڭلىكىم تەندە.

## 314

بىرەر كىشى چىقىپ ھەر زامان، مانا مەن دەيدۇ،
ئالتۇن - كۈمۈش، مال بار چەندان، مانا مەن دەيدۇ.
ئىشى روناق تېپىپ تۇرغاندا، بىر كۈنى ئەجەل
بۆكتۈرمىدىن چىقىپ شۇئان، مانا مەن دەيدۇ.

## 315

جاھاننىڭ كارىنى ئەلۋان - ئەلۋان كۆرىمەن،
ئالەمنى، تېز ئۆتەر بىرئان كۆرىمەن.
خۇدا ھەققى، نەگە نەزەر تاشلىسام،
شۇ يەردە غورىگىللىكىم ئايان كۆرىمەن.

## 316

تىلىكىم مەيى ناب ① بولغىنى بولغان،
ئاڭلىشىم راۋاب بولغىنى بولغان.
توپامدىن كوزىنى ياسىسا ئەگەر،
ئۇمۇ لىق شاراب بولغىنى بولغان.

## 317

تۇپراقتا يېتىشار ئۇيقۇ بىسىپ، خوپ،
يەر ئاستىدا مۆكۈنگەن مىسالى بىر چۆپ.
يوقلۇق سەھراسىغا قاراپمۇ كۆردۈم،
ئۇندا كەلگەنلەر ۋە كەلمىگەنلەر كۆپ.

## 318

ئەجەل باش ئەگدۈرسە، بولمىسا چارە،
دەستىدىن تەن ۋە دىل بولسا يۈز پارە.
تىرىلسەم ئەجەب مەس شاراب ھىدىدىن،
توپامدىن خۇم ياساڭ، بولماي ئاۋارە.

---

① ساپ، تازا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 319

مەسچىتكە بارغاندىم مەن نىيازنى دەپ،
راست ئىبىتسام، نە تائەت نە نامازنى دەپ.
جايناماز ئوغرىلىنىۋالغاندىم، كونىرىدى ئۇ
ئاستاغىنىنا يەنە كەلدىم، جايىنامازنى دەپ.

## 320

خالىق كەچۈرگۈچى، رەھىمدىل رەھمان،
ئاسىيلىق، گۇناھتىن چەكمىگىل پىغان.
بۇ كېچە مەست، بىھوش ئۇيقۇغا كىرسەڭ،
ئەتە ئەپۇ قىلىنۇر چىرىك ئۇستىخان.

## 321

جەندە تون يېپىندى ئاغزىغا بۇ خۇم،
قاۋاقنىڭ چېڭىدا قىلدۇق تەيەممۇم.
مەيخانا خاكىدىن تاپارمىز ھايات،
چۈنكى ھاياتىمىز بولدى شۇندا كۆمپەيكۇم.

## 322

ياشلىقتا بىز شاگىرت، ئۆزگىلەر ئۇششاق،
كېيىن ئۇستات بولۇپ دىلنى قىلدۇق شاد.
ئاخىرى نېمىگە يېتىشتۇق دېسەڭ،
تۇپراقتىن چىقىپ باق، بوپتىمىز بەربات.

## 323

يوقلۇقتىن پاك كېلىپ، ناپاك بولدۇق بىز،
شوخ ۋە قۇۋناق كېلىپ، غەمناك بولدۇق بىز.
كۆزىمىز لىپىلىق ياش، يۈرەكتە يالقۇن،
ئۆمۈر يەلگە كەتتى ۋە خاك بولدۇق بىز.

## 324

ئەپسۇسكى، بىكاردىن ـ بىكارغا سولدۇق بىز،
پەلەكنىڭ دەستىدىن كۈكۈن بولدۇق بىز.
كۆز ئېچىپ ـ يۇمغىچە كۆرگەن ئالەمدىن،
ئارمانغا يېتەلمەي ئاخىر ئۆلدۇق بىز.

www.uyghurkitap.com

## 325

ئەي مۇپتى، سەندىنمۇ كاردانراقتىمىز،
ئۆتە مەست بولساقمۇ هوشيارراقتىمىز.
بىز تەك قېنىن ئىچمىز، سەن ئادەم قېنىن،
ئىنساپ قىل، قايسىمىز خۇنخورراقتىمىز؟

## 326

باشقا چەرخ كۇلپىتى چۇشمەستىن هېلى،
كېلىڭلار قۇر تۆكۇپ، شاراب ئىچكىلى.
بۇ پەلەك دۇنيادىن ئۆتەرىمىزدە
قۇيمايدۇ بىر تامچە سۇمۇ يۇتقىلى.

## 327

ئەي دوست، خالاس بولايلى ئەتىكى غەمدىن،
نەقنى دەپ نەپ يەيلى غەنىيمەت دەمدىن.
يەتمىش مىڭ يىللىڭلار بىلەن تەڭمىز ـ دە،
ئەتىگە كەتسەك بۇ كونا ئالەمدىن.

## 328

قايتىپ كېلەلمىگەچ ئۆشبۇ ئالەمگە،
قورقمەن يەتمەسمىز دوستۇ يارەنگە.
بۇ دەمنى غەنىيمەت بىلەيلى ھامان،
بەلكى يېتەلمەسمىز ھەتتا شۇ دەمگە.

## 329

ساتاتتۇق خان تەختى، تاجى كەي ① بولسا،
سەللە، چاپاننى ھەم ئەگەر نەي بولسا.
ئالداشنىڭ لەشكىرى ئاشۇ تەسبىھنى
بىر ـ بىردىن ساتاتتۇق، يۇتۇم مەي بولسا.

## 330

مېنى پەيلاسوپ دەپ ياۋ قىلۇر خاتا،
مەن ئۇنداق ئەمەسمەن بىلىدۇ خۇدا.
شۇ قايغۇ ئۆيگە كەلگەچ، ئۆزۈمنى —
كىم بىلسەم شۇنىڭدىن كەمرەكمەن ھەتتا.

---

① كەي پادشاھلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 331

بۇ يەردە جايىمىز ئەمەستۇر مۇقىم،
مەيسىز كۈن ئۆتكۈزۈش خاتادۇر ئەزىم.
قاچانغىچە يەيمىز كونا ـ يېڭى دەپ،
بىز كەتكەچ بەرىبىر يېڭى ۋە قەدىم.

## 332

خۇشاللىق ئاساسى، كانى، ئەلەم بىز،
مۇشەققەت ئەسلى، ئەدلى نېگىزى ھەم بىز.
ئېگىز بىز ھەم پەسمىز، يېتۈك بىز، كەم بىز
دات باسقان ئەينەك ھەم جەمشىتكە جام بىز.

## 333

بىزنى ئايلاندۇرغان بۇ چەرخى پەلەك،
ئۇنى پانۇس دەپلا خىيال قىل جىندەك.
قۇياش چىراغى بۇ ئالەم پانۇسى،
ئىككى ئارىدا بىز ھەيرانۇ ھەلەك.

## 334

ئالەم تۈزۈلۈشىدىن ئازاد ئەمەس بىز،
بىر نەپەس ئالماقتىن ھېچ شاد ئەمەس بىز.
ھاياتقا كۆپ شاگىرت بولدۇغۇ ھۇنۇز،
دۇنيانىڭ ئىشىغا ئۇستات ئەمەس بىز.

## 335

ئەي پەلەك گەردىشىڭدىن ئەمەسمەن خۇرسەن،
ئازاد قىل، ياراشماس ماڭا بۇ كىشەن.
نادان، نائەھلىگە گەر قارام قىلساڭ،
مەن ھەم ئەمەسمەنغۇ ئەھلى دانىشمەن.

## 336

تۇر ئەي دىل، چاڭ چېلىپ بەزىم قۇرايلى،
ئىچىپ، يامانلىقتا نامنى بۇرايلى.
جايناما زنى سېتىپ بىر چىنە مەيگە،
ئاشۇ رو شىشىنى تاشقا ئۇرايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 337

قولنى قولغا بېرىپ بولمىساق ھەمدەم،
شادلىق ئايىغىدىن ئېچمەك يېمەس غەم.
تاڭ چېغىدا تۇردە سەھەرلىك مەي سۇن،
بەك نۇرغۇن تاڭ ئاتار بىزدىن كېيىن ھەم.

## 338

دۇنيادا ياشايسەن يۈز يىلمۇ بىر كۈن،
رىزقىم دەپ، بولغۇچە تاكى جىگەر خۇن.
كاسەنى قولغا ئال، كۆلال چاقىدا
توپاڭدىن كاسەنى ياساشتىن بۇرۇن.

## 339

دۇنيانىڭ تىلىكى، مېۋىسى ھەم بىز،
ئەقىل كۆزىنىڭ قارىسى — جەۋھىرى ھەم بىز.
يۇملاق جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك
شەكسىزكى، ئۇنىڭ كۆزى — گەۋھىرى ھەم بىز.

## 340

بۇگۈن بۇلبۇل ئوقۇر داستانۇ داستان،
قولۇڭدىن تاشلىما مەينى مەستانۇ مەستان.
تۇرۇپ گۈلزارغا چىق، ئۇچ ـ تۆت كۈن بولسۇن
خۇشاللىق مەنزىلىڭ بوستانۇ بوستان.

## 341

بۇ كۇلپەتخانىدا ھاسىلى ئىنسان —
غۇسسەدىن باشقا ئەمەس چىققۇنچە جان.
خۇشالدۇر كىم تېزرەك كەتسە جاھاندىن،
خاتىرجەم كىمكى كەلمىسە بىر ئان.

## 342

قاچانغا پەسلەرنىڭ ئىشىنى قىلىسەن بەجا،
ھەر مېۋىگە پاشىدەك قىلما جان پىدا.
بىر ناننى ئىككى كۈن يە، چەكمىگىن مىننەت،
ئۆزگە ناندىن ئۆز تېنىڭ بەربىر ئەلا.

## 343

پەلەككە تەگرىدەك بولسام ھۆكۈمران،
پەلەكنى قىلاتتىم يەر بىلەن يەكسان.
باشقىدىن شۇنداق بىر پەلەك ياسايتتىم،
ئارمانغا يېتەتتى ئاق كۆڭۈل ئىنسان.

## 344

بۇنچىلىك غەم يېمە ئۆتكۈنچى — جاھان،
بىر دەملىك ئۆمۈردە بول شادۇ خەندان.
باشقىلار كەينىدىن كەلمەستە نۆۋەت،
ۋاپانىڭ سىرىنى بىلگەندە دەۋران.

## 345

ئەي، تۇن – كۈن دۇنياغا كۆز تىككەن كىشى،
ئەقلىڭنى يۇيمىسۇن دۇنيا تەشۋىشى.
ئاخىر ھوشۇڭنى يىغ، ھوشيارراق بىر باق،
نېمىدۇر باشقىلارغا ئۇنىڭ قىلمىشى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 346

زامانسازلارنىڭ سۆزلىرىدىن كەچ،
گۈزەللەر قولىدىن شاراب سوراپ ئىچ.
دۇنياغا كەلگەنلەر بىر ـ بىرلەپ كەتتى،
كەلگەنلەرنى ھېچكىم كۆرسەتەلمەس ھېچ.

## 347

كىمگە مەلۇم بولسا جاھاننىڭ سىرى،
قۇۋانچ ۋە غەم پەرقسىز بىرىدىن بىرى.
چۈنكى ئۆتمەي قالماس ياخشى ھەم يامان،
خاھ بەرى دەرد بولسۇن، خاھ دەرمان بەرى.

## 348

بۇ بىپايان ئاسمان ھالىدىن ئاسان،
خەۋەر تاپتى پەقەت ئىككى خىل ئىنسان.
يا ياخشى ـ ياماندىن خەۋەردار ئالىم،
يا ئۆزىن بىلمەس مەست، ئەقلى پەرىشان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭىلىنىش
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 349

مەن كەتتىم، بۇ جاھان دېگۈزدى ۋاي ـ داد،
بۇندا ياشىماقنىڭ ئاخىرى بەربات.
كىم قېچىپ قۇتۇلسا ئەجەل دەستىدىن،
مەيلى ئۇ بولسۇنچۇ ئۆلۈمىمدىن شاد.

## 350

ياخشى نامدا ياخشى بولماق ياخشىدۇر،
دىمە چەرختىن رەنجۇر بولماق ياخشىدۇر.
تەك سۈيىدىن مەخمۇر بولماق ياخشىدۇر،
دىمە دىندىن مەغرۇر بولماق ياخشىدۇر.

## 351

بىر سۆڭەككە ساردەك قانائەت قىلغان،
ئەۋزەلدۇر ناكەسكە بولغاندىن مىھمان.
ناكەسنىڭ شىرنىلىك نېنىدىن ياخشى،
ئۆزۈڭ تېپىپ يېگەن بۇردا ئارپا نان.

## 352

شاد دىلنى قىلمىسۇن غەمكىن كۆز يېشى،
خۇش دەمنى ئەزمىسۇن مۇشەققەت تېشى.
ئەتە نېمە بولارىنى بىلمىگەن كىشى،
بۈگۈن بولسۇن مەي، نەي، مەشۇق يولدىشى.

## 353

مەي ئىچىپ، ياخشىلار ئۇچۇن پال سالماق،
سوپىدەك جاۋراشتىن مىڭ رەت ياخشىراق.
ناۋادا ئاشىقى مەست دوزىخي بولسا،
جەننەت يۈزىنى ھېچكىم كۆرمەستى ھېچ ۋاخ.

## 354

يا رەب ! ئەسىر دىلىمغا رەھمەت بېغىشلا،
سىنەم ـ غەم ساھىلىمغا رەھمەت بېغىشلا.
مەيخانىغا يۈگۈرگەن پۇتۇمنى كەچۈر،
قەدەھلىك قولۇمغا رەھمەت بېغىشلا.

## 356

تۆنۈگۈنكى كۈنۈڭنى ئەيلىمىگىن ياد،
ئەتەڭ كەلمەي تۇرۇپ چەكمىگىن پەرياد.
ئۆتكەن، كەلمىگەنگە قايغۇرۇشنى قوي،
قۇۋناق بول، ئۆمرۈڭنى قىلمىغىن بەرباد.

## 357

مەيخورلار ئىشىغا بەل باغلاپ چەندان،
ئەيلە ناماز - روزا ئېگىزىن ۋەيران.
ئۆمەرى ھەييامغا قۇلاق سال بىر ئان:
مەي ئىچ، نەغمە قىل ۋە ئەيلە ئېھسان.

## 358

دەردكە چىلىندى بۇ دىلى ۋەيرانەم،
ئىشقتىن ئويغانمىدى غىق مەست جانانەم.
ئاشىقلىق شارابىن بەرگەنلىرى كۆپ،
جىگىرىم قېنىدا تولدى پەيمانەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 359

ئەزەلنىڭ سىرىنى بىلەلمەيمىز سەنۇ ۋە مەن،
بۇ جومباقنى ھەل قىلالمايمىز نە سەنۇ نە مەن.
پەردە كەينىدەدۇر بۇ غۇرۇرىمىز،
پەردە كېتىدۇ يوقالماسمىز، نە سەنۇ نە مەن.

## 360

سۆزۈمگە قۇلاق سال ئەي دوستى ئەسرا،
دۇنيانىڭ كارىنى ئويلىما، ئەسنا.
قانائەت خىلۋەتىن ئەيلىگىن ماكان،
ئالەمنىڭ ئىشلىرى تاماشا راستلا.

## 361

دەيدىلەر: «شارابنى بۇندىن ئازراق ئىچ،
ئۆزرەڭچۇ؟ ئۆلپىتىڭ شاراب ئەتە ـ كەچ.
ئۆزرەم يار يۈزىيۇ، سەھەر شارابى،
ئىنساپ قىل، بۇندىن زور ئۆزرە بارمۇ ھېچ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 362

ئەي كۆز، كور بولمىساڭ گۆردىن بول ئاگاھ،
پىتنە تولغان ئالەم، ھەر يان قايغۇ ئاھ.
چۇمۇلە ئاغزىدا ئايدەك ياناقلار،
يەر قوينىدا سۇلتان، سەردار، پادىشاھ.

## 363

بەك يامان پەلەكنىڭ خۇي - مىجەزى بىل،
دوستلاردىن جاھاننى بوش ۋە خالىي بىل.
قولۇڭدىن كەلگەنچە ئۆزۈڭ بىلەن بول،
تۈنۈگۈن، تاڭنىدىن بۇگۈن ئالىي، بىل.

## 364

بىراۋدىن يولىنى يورۇتار گويا،
بىراۋ ھەقىقەتتىن سۆز ئېيتار دانا.
قورقىمەنكى بىر كۈنى بىر ئاۋاز كېلىپ
دەركى: ئۇ ھەم بۇ، ھەم بىمەنە دەۋا.

## 365

مەيپەرەس ئۇلتۇرار زېمىن ئارغىمىقىدا،
نە كۇپۇر ۋە نە دىن بار دىمىقىدا.
نە ھەق، نە ھەقىقەت ۋە نە شەرىئەت،
كىم تەڭ كېلەر ئاڭا گۇزەل، سېقىدا.[1]

## 366

ئاسماندا بىر ئۆكۈز نامىمىش پەرۋىن،
يەنە بىرى تۆۋەندە كۆتۈرەر زېمىن.
كۆزۈڭنى يوغان ئاچ، جۇپ ئۆكۈز ئارا
قانچىلاپ ئېشەكلەر يۈرىدۇ ئەركىن.

## 367

جېنىمىز بۇ تەننى تەرك قىلىپ كېتەر،
ئىككى خىش گۆر ئاغزىن مەھكەم بېكىتەر.
كېيىن باشقا گۆرگە خىش قويماق ئۈچۈن،
بىزنىڭ تۇپراقلارنى ئېزىپ لاي ئېتەر.

---

(1) سالامەت چېغىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 368

مەي ئىچ، بىزنى پەلەك قىلماقچى ھالاك،
جان قەستىدە دىلنى قىلماقچى چاك ـ چاك.
چىمەندە ئولتۇرغىن، تىنىق مەيدىن ئىچ،
ئوت بىلەن پۈركۈنەر تېز بىزنىڭ تۇپراق.

## 369

ئىچكەندە ئەقىلدىن بىگانە بولما،
ئەس تۆكۈپ، جەھلىگە سەن خانە بولما.
قىزىل مەي ھالالۇ پاك بولسۇن دېسەڭ،
ھېچكىمنى رەنجىتمە، دىۋانە بولما.

## 370

كېلىپ ـ كەتمەكتىمىز قېنى نەپ — مەزمۇن،
ۋۇجۇدىمىز ئۆرۈش، ئارقاقسىز پۈتۈن.
قانچە پاك دىللارنى پەلەك يالقۇنى،
كۆيدۈرۈپ كۈل قىلۇر، لېك[1] قېنى تۈتۈن؟

---

① لېكىن.

## 371

ئاخىر بۇ ئالەمدە بىگۇناھ كىم بار؟
قانداق ياشالايدۇ بولماي گۇناھكار؟
يامانلىق قايتۇرساڭ يامانلىقىمغا،
پەرقىمىز نېمە بولدى؟ ئېيت، پەرۋەردىگار !

## 372

كونا - يېڭى مەيگە بىزغۇ خېرىدار،
ئالەمنى بىر دانغا سېتىشقا تەييار.
سورىما نەگە دەپ، مەن ئۆلەر چاغدا،
مەي بەرگىن ـ دە، خالىغان جايىڭغا ئاپار.

## 373

بىلەمسەن سەۋسەن ۋە سەرۋى تىلىنى،
تىللاردا پۇر، داستان بولۇش سىرىنى.
بىرەيلەن يۈز تىلى بىلەن جىمغىنە تۇرار،
بىرەيلەن يۈز قولدىن سۇناس بىرىنى.

## 374

كۈنلىرىم ئۆتىدۇ، كېچىلەپ، توۋا،
قولۇمدا پىيالەم لەبالەپ، توۋا.
بۈگۈن گۈل پەسلىدۈر، توۋا قاياقتا؟
گۈل پەسلىدە توۋبىدىن، يا رەب ! توۋا.

## 375

ياخشى مۈلۈكتىن ياخشى يۈتۈم كونا مەي،
ياشا باشقىسىنى ھەرگىز چوڭ بىلمەي.
بىر قەدەھ مىڭ ئەلا جەمشىد مۈلكىدىن،
خۇملارنىڭ خىشىنى كەيخسراۋ تاجى دەيمىنەي.

## 376

قۇرۇق بىلىمداندىن قاچقىنىڭ زىيا،
يادىڭدىن چىقمىسۇن ھەر قاچان زىبا.
قېنىڭنى تۆكمەستە رەھىمسىز پەلەك،
كاسەگە شاراب قۇي، دەردكە شۇ شىپا.

## 377

مەيدىن باشقىسىغا قىسقا ئان ياخشى،
مەينى ھەم ئۇزاتسا شوخ جانان ياخشى.
يەر ۋە كۆكتىن ئەلا بىر پىيالە مەي،
بولماق مەست، قەلەندەر ھەم سەرسان ياخشى.

## 378

تەڭرى، ئۆزۈڭ شۇنداق ياراتتىڭ مېنى،
مەي ۋە چالغۇچىغا قاراتتىڭ مېنى.
ئەزەلدە شۇ ئىسكەت يارىتىپ قويۇپ،
نەئۈچۈن دوزاخقا غۇلاتتىڭ مېنى.

## 379

ۋۇجۇدىمىزغا خىلمۇخىل نەقىشلەر ساپسەن،
يۈزلەپ ئاجايىباتنى بىزلەردىن ئاپسەن.
بۇنىڭدىن ياخشىراق بولالمايمەن مەن،
ياساشتا سەن ئۆزۈڭ شۇنداق ياساپسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسى
www.uyghurkitap.com

## 380

بىر بوۋاي مەست ئىدى، ئۇيقۇدا ئىدى،
ئەس ـ ھوشىن سۇپۇرۇپ شامالغا بەردى.
مەي ئىچىپ، مەست بولۇپ ئۇيقۇدا جۆيلۈپ:
«ۋاللاھۇ لاتىفۇن بىئىبادىھ»① دەردى.

## 381

مەيخانا سۇپۇرسە كىمنىڭ ساقىلى،
ياخشىيۇ ياماندىن ئۇ ئىرۇر خالىي.
چەۋگەن ۋە پوڭزەكتەك ھەر ئىككى جاھان
توقۇنۇشسا، قارارغا يوقتۇر ماجالى.

## 382

كۆمتۈرۈلگەن جام كەبى كۆرۈنەر ئاسمان،
زەبۇندۇر كىم بولسا بىلىمدە ئاشقان.
شىشە ۋە قەدەھنىڭ دوستلۇقىنى كۆر
لەۋ يېقىپ ئۇيۇشار ئوتتۇرىسىدا قان.

---

① خۇدا بەندىلىرىگە رەھىم قىلغۇچىدۇر.

## 383

ئاتلىق ئۇرۇقتا بىر تامچە ئىدۇق،
شەھۋەت ئوتى بىلەن جايدىن قوزغالدۇق.
ئەتىلا شامالغا ئۇچار خاكىمىز،
بۇدەمنى مەي ئىچىپ ئۆتكۈز بىخۇدۇك.

## 384

دىلىڭدا بولمىسۇن قايغۇدىن نىشان،
خۇشاللىق كىتابىن ئوقۇغىن ھامان.
مەي ئىچىپ ئارزۇغا ئېرىشمەك كېرەك،
مەلۇمغۇ بەش كۈنلۈك ئاخىر، بۇ زامان.

## 385

سابادىن بولۇپتۇ گۈل ياقىسى چاك،
يۈزىدىن گۈللەرنىڭ بۇلبۇللار خۇشۋاخ.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇر، چۈنكى بەكمۇ تېز
گۈل يەرگە تۆكۈلۈر، بىز بولارمىز خاك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 386

يان باسما، بۇ دۇنيا ئەسلىي بىر پەرياد،
ئۆتكەنلەر غېمىنىمۇ قىلما ماڭا ياد.
كۆڭۈل بەرمە چىگىل چاچتىن بۆلەككە،
مەيسىز ئۆتمە، قىلمىغىن ئۆمرۈڭنى بەرباد.

## 387

ۋاي ئىسىت، بۇ ئۆمۈر بولماقتا بەرباد،
بولمىدۇق بىر دەمگە ھارامدىن ئازاد.
يۈز قارا، قىلالماي قىل دېگىنىڭنى،
ئەمرىڭدىن تاشقىرى ئىشلىرىمدىن داد!

## 388

قاچانغا ھومايتار دۇنيا تەشۋىشى،
مۇرادقا يەتكۈزمەس كۆڭۈلنىڭ غېشى.
سەن ـ مېنىڭ ئىشىمىز ئەركىمىزدە مەس،
تەقدىرگە كۆنۈكۈش دانالار ئىشى.

## 389

قاچانغا مەسچىت دەيسەن، ناماز ۋە روزا،
مەيخانىغا كىرىپ مەست بولغىن تازا.
ھەييام، مەي ئىچىۋەر، خاكىڭ نەچچە رەت
گاھ كاسە ياسىدى، گاھ خۇم ۋە كوزا.

## 390

ئەي ئاگسىز، بىلمەيسەن بۇ ئالەم، ھېچدۇر،
نېگىزىڭ شامالدۇر بىر تۇتام، ھېچدۇر.
ئىككى يوقلۇق ئارا قالمىش بارلىقىڭ
ئەتراپىڭ يوقلۇقى ئورتا ھەم ھېچدۇر.

## 391

ئاتمىشتىن ئارتۇق ئۆمۈر ئىستىمە ھېچ دەم،
مەست بولماي بىر يەرگە تاشلىما قەدەم.
كوزا قىلىشماستىن بېشىڭ كاسەسىن،
كوزا قۇچ، كاسەنى چاگگاللا مەھكەم.

## 392

كۆلال دۆكىنىغا كىردىم بىر سەپەر،
دەستىگاھ ئۈستىدە ئۇستا لاي باسار.
گادايىنىڭ قولىدىن، شاھنىڭ بېشىدىن
كوزىنىڭ بوينى ۋە دەستىسىن ياسار.

## 393

قىلاي دېسەڭ ئۆمرۈڭنىڭ نېگىزىن مەھكەم،
ۋە كۆڭلۈڭنى دۇنيادا بىر قېتىم شاھ دەم.
شاراب سۈمۈرۈشتىن توختىما ھەرگىز،
تاپقايسەن ئۆمرۈڭدىن لەززەت ھەر بىركەم.

## 394

كوزامنى سۇندۇرۇپ ئىرغىتتىڭ، تەڭرى
خۇشاللىق ئىشكىن بېكىتتىڭ، تەڭرى.
تۇپراققا تۆكتىڭا گۈلگۈن مەيىمنى،
بىلمىدىم، مەستمۇ سەن، نېم قىلدىڭ، تەڭرى.

## 395

تاڭ سەھەر پەيتىدە ئەي قۇتلۇق جانان،
مەي كەلتۈر، ناۋا قىل، كۆيلىگىن چەندان.
يۈز مىڭلاپ جەمشىتنى خىسراۋنى تۇپراققا تىقتى
بۇ پەلەك ياز كېتىپ، قىش كەلگەن زامان.

## 396

تېنىڭدە بار ئىكەن، تومۇر، سۆڭەك، پەي،
ياشاۋەر تەقدىرنىڭ ئۆيىدىن كەتمەي.
مىننەت قىلما دوستۇڭغا بولۇپ ھاتەمتاي
ياۋ رۇستەم بولسىمۇ دېمىگىن لەببەي.

## 397

شەيخ پاھىشەگە دەر: نېمە بۇ ئىشىڭ؟
مەست بولۇپ شاخ ـ شاخقا قونۇپ يۈرۈشۈڭ؟
ئۇ دەر: مەن شۇنداقمەن، ئەمما سەن ئېيتچۇ
سىرتىڭ كۆرسەتكەندەك پاكمۇ دىل ـ ئىچىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 398

كاشكى ئۈمىد شېخىدىن مېۋە تېرەلىسەم،
ۋە ياكى يىپلىرىم ئۇچىنى تېپىپ بېرەلىسەم.
بۇ ۋۇجۇد قۇتىسىدىن يوقلۇق تەرەپكە
ئىشىك ئېچىپ، دادىلراق تاشلىسام قەدەم.

## 399

ئەي سەن، تۆت ئۇنسۇر، يەتتە سەييارە،
ئاستىدا سەرگەردان، بىتاب ئاۋارە.
نەپسىڭنىڭ غېمىنى چەككىن توختىماي،
ئۆلسەڭ تىرىلمەيسەن ئىككىنچى بارە.

## 400

توغرىلىق بولسىدى پەلەكنىڭ ئىشى،
ياقتۇرغان بولاتتى ئۇنى ھەر كىشى.
دۇنيانىڭ قولىدا بولسا ئادالەت،
بولماستى دانالار كۆڭۈل ئاغرىشى.

## 401

قىش كېتىپ كېلىدۇ باھار ساداسى،
يېتەر ئۈمۈر ۋارىقىنىڭمۇ سوڭ - ئىنتىھاسى.
غەم يېمە، مەي ئىچكىن، ھەكىم دەپتۇكى:
جاھان غېمى زەھەر، شاراب داۋاسى.

## 402

كاشكى تىنچ جاي تېپىپ كەتكىلى بولسا،
ياكى بۇ ئۇزاق مەنزىلگە يەتكىلى بولسا.
يۈزمىڭ يىلدىن كېيىن ئارزۇ - ئۈمىدلەر
ئۈنسە كوكاتتەك، ئەگكىلى بولسا.

## 403

شاد بول، ساڭا سالغان سەۋدانى تەڭرى،
مەيلىڭدىن ئۈزگىچە غوۋغانى، تەڭرى.
تەقدىرىڭنى تۈنۈگۈن بەلگىلەپ بولغان،
نە قىسسە، يازغاچ بۇ قەزانى،[1] تەڭرى.

---

① تەقدىر.

## 404

كوزىچىدىن كوزا ئالغاندىم بىر كۈن،
بىر سۆز دەپ چىقاردى كوزا سىرلىق ئۈن:
«شاھ ئىدىم، قولۇمدا ئالتۇن جام ئىدى،
خۇمار باشلىق كوزا بوپتىمەن بۈگۈن.»

## 405

بۇ كۈن كېلەر ئىكەن قولۇڭدىن، زىنھار،
ئەزىزلەر كۆڭلىنى شاد قىل، ئەي دىلدار.
ھۆسنۈڭ سەلتەنىتى تۇرماس ئەبەدىي،
تۇيۇقسىز قولۇڭدىن كېتىشى ھەم بار.

## 406

ھەر سىردىن ئاگاھسەن: ئەي دوستۇم سەن ھەم
نە ئۈچۈن چېكىسەن بىھۇدە ئەلەم.
ئەركىڭگە باقمايدۇ ھەرقانداق بىر ئىش،
خۇرسەن بول، تىرىكسەن، سېنىڭكى بۇ دەم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 407

مېنىڭ قىسمىتىمگە مەيۇ مەستلىك يار،
شۇڭلاشقا ئەل مېنى قىلۇر گۇناھكار.
بارچە گۇناھلاردىن مەي ھىمدى كەلسە،
جاھاندا تېپىلماس ئىدى بىر ھوشيار.

## 408

كۆردۇم مەيخانىدا قېرى مەيخۇمار،
كەتكەنلەر ھەققىدە قىل دېدىم ئىزھار.
دېدىكى: مەي ئىچكىن بىزدەكلەر بىسيار،
كېتىشتى، خەۋىرى كەلمىدى زىنھار.

## 409

ئەي كۇلال، قۇلاق سال، گەر بولساڭ ھوشيار،
قاچانغا قىلىسەن تۇپرىقىمنى خار.
پەرىدۇن بارمىقى، كەيخسراۋ قولىن،
چەرخىڭگە قويۇپسەن، نە ئەندىشەڭ بار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 410

نە ئۈچۈن، بىلەمسەن، خوراز ھەر سەھەر
تۇرۇپ، ماتەمدە نالە ـ زار چېكەر.
ئۇ بىزگە دېدىكى تاڭ ئەينىكىدە
ئۆمرۈڭدىن تۈن ئۆتتى ئۇزۇڭ بىخەۋەر.

## 411

رىزقىڭنىڭ ئىشكىنى ئاچ ماڭا ئاللا،
مەخلۇقتىن مىننەتسىز رىزقىمنى تاللا.
ساپ مەيدىن مېنى بىر شۇنداق قىلكى،
سەزمىسۇن ھەرگىزمۇ ئاغرىقنى كاللا.

## 412

كۆلال دۇكىنىغا كىردىم كوزىگەر
لاي ئېتەر، كۆرستىپ ئاجايىپ ھۈنەر.
ھېچكىم كۆرمىگەننى مەن كۆرۈپ قالدىم،
ئاتا ـ بوۋام لېيىنى قولىدا ئېزەر.

## 413

بىر كوزا كەلتۈرگىن، بولسۇن بى زەرەر،
ئۆزۈڭ ئىچ، ماڭىمۇ ئۇزات باراۋەر.
دەۋران ئۆز ئىزىدىن ئايلىنىپ، ئاخىر —
بىزلەردىن ياسايدۇ كوزا كوزىگەر.

## 414

شۆھرەت تاپساڭ، خەقلەرنىڭ ھەسىتى يامان،
يالغۇز قالساڭ، سېنىڭدىن قىلىشار گۇمان.
خىزىر بولساڭمۇ گەر ھېچكىمنى بىلمە،
سېنىمۇ بىلمىسۇن مەيلى بىرەر جان.

## 415

ئەي دىل، بۇ جومباقنى سەن يېشەلمەيسەن،
دانالار سۆزىنى سەن دېيەلمەيسەن.
مەي ئىچىپ، شۇ يەردە جەننەت پەيدا قىل،
جەننەتكە يېتىسەن يا يېتەلمەيسەن.

## 416

مەي ئىچمە دېمىشەر، ئاشار پىغانىڭ،
قىيامەتتە دوزاخ بولار ماكانىڭ.
بۇ ھەق، ئەمما تەڭ كېلەر ئىككى جاھانغا —
مەي ئىچىپ، شىركەيپ بولغان بىر ئانىڭ.

## 417

قاچانغا بولىسەن جاھاندىن چاچقۇن،
قاچانغا كۆزدە ياش، قاچانغا دىل خۇن.
مەي ئىچىپ، يار بىلەن يايرا ۋە شادلان،
بۇ چەمبەر ئىچىدىن چىقىسەن بىر كۈن.

## 418

مەست ئىدىم، كوزىنى تاشقا ئۇردۇم بىر كۈن،
ئۇ كۆڭۈل تىلىدىن چىقاردى بىر ئۈن:
«مەنمۇ سەندىن ئىدىم، سەنمۇ ئاخىرى
بولارسەن مېنىڭدەك — رەنجىتمەك نېچۈن؟

## 419

غەيرەتنى ئىشلەتسەڭ كىيمەك ـ ئىچمەككە،
ئەرزىيدۇ بۇ ئەتمىش ئۇگۇت ئەتمەككە.
هوشيار بول قالغانىنىڭ بەرى ئەرزىمەس،
ئۆمرۈڭنى سەرپلەپ ئۆتۈپ كەتمەككە.

## 420

ستەمنىڭ ئۆزۈڭگە مەلۇم ئەي ئالەم،
ستەم چېدىرىدا ئۆتەر ھەر بىر دەم.
يامانغا نېمەتۇ ياخشىغا كۈلپەت،
ياۋمۇ سەن يا ئېشەك؟ بۇ نېمە ئەلەم؟

## 421

جېنىمدىن بىر خاسلىق تاپسا گەر ساقىي،
ھەر تۇردىن يۈز پەسىل كەشىپ ئېتەر ساقىي.
مەي بەرسۇن، بەرىدىن كېچىمەن مەيلى،
ئەركىمدىن چىقارسۇن ھەم يەكسەر ساقىي.

## 422

كەتكەنلەر قايتىشى ماھال، ئەي ساقىي،
تۇپراقتا، ئۇيقۇدا تەڭ ھال، ئەي ساقىي.
ھەق گېپىمگە سەن قۇلاق سال، ئەي ساقىي،
ھەر نېمە دەيدىكەن شامال، ئەي ساقىي.

## 423

ئەسلىي بەش كۈنلۈك بۇ ئۆمۈر، ئەي ساقىي،
مۇشكۇل خاھ مىڭ بولسۇن، خاھ بىر، ئەي ساقىي
خاكىمىزدا تەمبۇرنى سازلا، تەمبۇرچى
شۇ قاڭسىق شارابنى كەلتۈر، ئەي ساقىي.

## 424

دۇردا بولسىمۇ مەي بولسۇن لالەگۇن،
ئەي ساقىي، كوزاڭنى ئاچ، قويۇلسۇنچۇ خۇن.
ساداقەت كۆرمىدىم دوست ۋە يېقىندىن،
كوزا ئىچىدىدۇر سادىق دوست بۇگۇن.

## 425

جاسارەت كۆرسىتىپ ياشىغىن بىباك،[1]
شاراب ئىچ، شاراب ھەم بولسۇن ئاتەشناك.
دەسلەپتە تۇپراقتىن يارالغان ئىدىڭ،
ياق دېمە، ئاخىرى بولىسەن تۇپراق.

## 426

ئۆمۈر دەپتىرىدىن پال ئاچقاندا دىل،
خورسىنىپ سۆزلىدى كۆيگەن بىر كۆڭۈل.
بەختلىك ئۇ ئادەم — ئاي يۈزلۈك يارى —
باغرىدا بولسا يۇ ئاخشىمى بىر يىل.

## 427

تەقدىر لەۋھەسىدە ھۆكمىم بولغاندا،
مەيلىمچە يازاتتىم ئۇنى شۇ ئاندا.
قايغۇنى دۇنيادىن يوقىتىپ پۈتكۈل،
شادلىقتىن يېتەتتى بېشىم ئاسمانغا.

---

① بىپەرۋا.

## 428

كەلمەك قولدا بولسا، كەلمەس ئىدىم بىردەم،
كەتمەك قولدا بولسا، كەتمەس ئىدىم ھەم.
بەك ياخشى بولاتتى بۇ غەمخانىگە
كەلمىسەم، ياقمىسام، كېلىپ ـ كەتمىسەم.

## 429

قولىمىزدا بولسا ئاق بۇغداي نانى،
بىر كاسە شارابۇ قويىنىڭ بىر سانى.
تۇرساقمۇ يار بىلەن ۋەيرانىدە بىز،
بۇ ئەيشنى تاپالماس جاھان سۇلتانى.

## 430

پەلەك قۇلىقىمغا سۆزلىدى تەمكىن:
تەگرى ھۆكمىنى مەندىن كۆرسەڭ، لېكىن
ئايلىنىشىم بولسىدى ئەركى ـ ئىلكىمدە
ئۆزۈمنى توختىتىپ ئالار ئىدىم تىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 431

قاچانغا بار ـ يوقنىڭ غېمىنى يەيمەن،
قاچانغا ئۆمرۈم ياخشى يا يامان دەيمەن.
قەدەھ بەر، مەلۇممەس ئالغان نەپىسىم،
قايتا چىقىرىمەن يا چىقارمايمەن.

## 432

تېپىلسا ئىككى جام مەينى قولغا ئال،
ھەرقانداق دەۋردە ئىچكىن، بىمالال.
كېرەك ئەمەس، ئاخىر، ياراتقانغا ھېچ،
نە سەندەك بۇرۇتۇ ۋە مەندەك ساقال.

## 433

بىر غېرىب كۆڭۈلنى قىلالىساڭ شاد،
ياخشىدۇر زېمىننى قىلغاندىن ئاۋات.
مېھرىڭدە بىر دىلنى قۇل قىلالىساڭ،
ئەۋزەلدۇر يۈز قۇلنى قىلغاندىن ئازاد.

## 434

بىر كاسە شارابتا كۆڭلۈمنى شاد قىل،
نە ئۆتمۈش، نە كەلمىش كۈنۈڭنى ياد قىل.
زىندانى قىلىنغان ئامانەت جاننى
ئەقلىنىڭ قولىدىن بىردەم ئازاد قىل.

## 435

پەلەك كۆڭلۈمنى دائىم غەمناك قىلىسەن،
قۇۋانچىم كۆڭلىكىن چاك - چاك قىلىسەن.
ماڭا ئەسكەن يەلدىن ئاتەش ئۇپۇرۇپ،
سۇ ئىچسەم ئاغزىمدا تۇپراق قىلىسەن.

## 436

بار - يوقىڭدىن ئەقلىم ئەمەس خەۋەردار،
تائەت - ئىسيانىمغا ئەمەسمەن ھەر زار.
گۇناھتىن مەستمەنۇ، رەھمىڭدىن ھوشيار،
يەنى كەرىمىڭدىن دائىم ئۈمىدۋار.

## 437

قەلەندەر يولىن تۇت، بۇتى مەبۇدە،
ھېچبىرىدە بولماس كۆڭلۇڭ ئاسۇدە.[1]
قولۇڭدا قەدەھ ۋە قۇچىقىڭدا جام،
مەي ئىچكىن، باشقىنىڭ بەرى بىھۇدە.

## 438

كوزايۇ كاسەڭنى كۆتۈر ئەي ئۇلپەت،
كۆكلەمدە سۇ بويى، سالقىن جايغا كەت.
بۇ پەلەك كۆپ قاۋۇل، ئاي يۈزلۈكلەرنى
گاھ كوزا، گاھ كاسە قىلدى تالاي رەت.

## 439

نەلەردە تولۇشتۇڭ، جانانىم ئۆزۈڭ،
ئاينى خىجىل قىلار تۈندە يۇلتۇزۇڭ.
بەزمىنى دەپ گۈزەللەر بېزەر يۈزىنى،
جاھان بەزمىن بېزەيدۇ بىر سېنىڭ يۈزۈڭ.

---

[1] خاتىرجەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 440

ئەي خۇشبۇي شارابىم ئوخشايسەن گۈلگە،
ئەمما دىل گۆھىرىن، بېرىسەن قولغا.
كىم ئىچسە ياخشىلىق كۆرمەيدۇ سەندىن،
ئەقىل كۆزىن باغلاپ سالىسەن يولغا.

## 441

ئەي چەرخ، ناكەسلەرنى قىلدىڭ پاراۋان —
يەر بەردىڭ، سۇ بەردىڭ، ھاممام، پېشايۋان.
ياخشىلار زار بولدى بىر بۇردا نانغا،
تەنگە ئېرىمەس بۇنداق بىر دەۋران.

## 442

قويغان تۇزنىڭغا تولۇق بۇ ئالەم،
چۇشىمىز قاياقتا تاشلىساق قەدەم.
سېنىڭ ھۆكمىڭسىزغۇ سىلجىماس زەررە
نېچۇن مەن ئاسىي يۇ، جايىم جەھەننەم؟!

## 443

ئەي شاراب سەن مەشۇق، مەن ساڭا شەيدا،
ئىچىمەن، قورقمايمەن بولۇشتىن رەسۋا.
مەينى سەن شۇنداق ئىچ، كۆرگەنلەر دېسۇن:
ئەي ئىدىش قەيەردىن بولدۇڭ سەن پەيدا.

## 444

تەقدىر ئېلىشىشىدا پومزەكتەك ئەينى
ئوڭ ـ سولغا يۇمىلا دېمە: ياق، مەيلى.
سېنى يۇمىلاشقا سالغان كىم بولسا،
ئۇ بىلەر، ئۇ بىلەر، ھە ئاشۇ بەللى.

## 445

ئۇيانغا ـ بۇيانغا تاشلايمەن نەزەر،
باغلاردا شىلدىرلاپ ئاققان سۇ — كەۋسەر.
كەۋسەردىن سۆز ئاچما، دالىلار جەننەت،
شۇ يەردە ئولتۇرغىن، يېنىڭدا دىلبەر.

## 446

هايات ۋە ماماتنى تۈزەتكۈچى سەن،
تارقاق كائىناتنى كۆزەتكۈچى سەن.
يامان بولسامىۇ سېنىڭ بەندەڭمەن،
نېمىمۇ قىلالاي؟ ياراتقۇچى سەن.

## تۈزگۈچىدىن

ھەييامدىن ئوقۇغىن بەس ـ بەس جاھاننى،
ئۇنىڭدىن تاپىسەن نەقىشىي زاماننى.
ئەقىلنىڭ تېزىدىن[1] ئۆتكۈزۈپ بىر ـ بىر
ئۆزۈڭ ئاجرىتىۋال ياخشى ـ ياماننى.

① قېلىپ، ئۆلچەم.

بۇ كىتاب تاشكەنت ھەسەن ـ ھۈسەن نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە، پارسچە، رۇسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据塔什干彩虹出版社1985年出版的乌孜别克文，波斯文，俄文版本翻译出版。

# ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

---


ئاپتورى: ئۆمەر ھەييام (ئىران)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن

مۇھەررىرى: راخمان مامۇت

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت

كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تېلېفون: 0991-2827472

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 4.875

نەشرى: 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 10001 - 13000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 07875 - 2

باھاسى: 10.00 يۈەن


---

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



2

ISBN 978-7-228-07875-2

9 787228 078752 >

定价：10.00元